www.uyghurkitap.com

قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى
پەلسەپە ۋە سىياسىي- ھوقۇق تەتقىقات ئىنستىتۇتى

ئىمىنجان باھاۋۇدۇن

# ئىلى تارىخى

بىشكەك - 2016

ئۇ د ك 94/93
ب ب ك 3.63. (2ئۇيگ)
ئى 30

بۇ كىتاپ ئاۋتور ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ نەۋرىسى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلاندى

**مۇھەررىرى:**

قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىگى، قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ئەزىز نارىنبايېۋ

**پىكىر يازغانلار:**

قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ئوسمان توغۇساقوۋ

بىشكەك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭ ئوقۇتقۇچىسى، تارىخچى ئابدۇرەھىم ھاپىزوۋ

**ئى. باھاۋۇدۇن**
ئى 30 **ئىلى تارىخى** /ئى. باھاۋۇدۇن. ـ بىشكەك.: «ئايەت» نەشرىياتى، 2016. -288 بەت.
ئى س ب ن 978 ـ 9967 ـ 16 ـ 165 ـ 8

كىتاپتا ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىمىزدىن بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بۈيۈك بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىغى، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەلەرنى قۇرۇپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىگى يېزىلىدۇ.

كىتاپتا تارىختىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇتقان ئورنى، قەھرىمان ـ باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئەرلىگى ـ جاسارىتى، مىللەتپەرۋەرلىگى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ھەققىدە تارىخىي فاكتلار بايان قىلىنىدۇ.

ئى 0503020900 ـ 16 ئۇ د ك 94/93
ب ب ك 3.63. (2ئۇيگ)
ئى س ب ن 978 ـ 9967 ـ 16 ـ 165 ـ 8

© ئىمىنجان باھاۋۇدۇن
© ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئالدىرىسى
www.uyghurkitap.com

# بوۋام ئەمنجان باھاۋۇدۇن توغرىسىدا

1948-يىلى 23-مارت كۈنى بوۋام ئەمنجان باھاۋۇدۇن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ چاغدا مەن 6 ياشتا ئىدىم. شۇ كۈنى بىلىمغا ئاق باغلاپ دادام ئابدۇرېشىت ئەمنىنىڭ يېنىدا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆلۈم پەتىگە كەلگەن كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. بوۋامنىڭ جەسىتى غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىسىدىكى (ھازىرقى مالىيە مەكتىپىنىڭ بىناسى ئورنىدا) قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. (بۇ زەرەتكالىق 70-يىللاردا قارادۆڭ مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىققا كۆچۈرۈلگەن) شۇ كۈننى تا بۈگۈنگىچە ئۇنتۇقىنىم يوق. مەن چوڭ بولۇپ شۇ چاغدىكى سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن 1961-يىلى قىرغىزستاننىڭ فرۇنزې شەھرىگە كۆچۈپ كەلدۇق. بوۋام توغرىسىدا ئانام رىزۋانگۈلدىن سورىغىنىمدا، بوۋامنىڭ كۆپ كىتاپلارنى يازغانلىقى، بوۋام ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇققانلار ئۇ قوليازمىلارنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مېنىڭ كۆڭلۈمگە «بوۋام يازغان كىتاپلار يوقۇلۇپ كەتمىسە ئىكەن» دېگەن ئويلار كەلدى. كېيىنرەك ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا يۇسۇپبەگ مۇخلىسىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قوليازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» (1957-يىلى، ئۈرۈمچى) ناملىق كىتاۋى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. كىتاپنىڭ 47-48-بەتلىرىدە: «ئىلى تارىخى» ئاۋتورى ئەمنجان باھاۋۇدۇن دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ كۆڭلۈم ئەمىن تاپقان ئىدى.

1988-يىلى ۋەتەنگە تۇققان يوقلاش ئۈچۈن بارغان چېغىمدا كىچىك دادام ئابدۇشۈكۈر ئەمىن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ مۇزېيىدىن ئېلىپ كەلگەن بوۋامنىڭ «ئىلى تارىخى» قوليازمىسىنىڭ فوتو كۆچۈرمىسىنى ماڭا كۆرسەتتى. شۇ چاغدا مېنىڭ ھاياجانلىنىشىم كۆككە يەتكەن ئىدى. كىچىك دادام بىلەن بوۋامنىڭ «ئىلى تارىخى» كىتاۋىنى ۋەتەندە نەشر قىلدۇرۇش توغرىسىدا پىلانلاشتۇق. ئابدۇشۈكۈر ئەمىن نەشرىياتلار بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلار ۋەتەندە چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

شۇنىڭدىن كېيىن قول يازمىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. شۇ جەريانىدا كىچىك دادام ئابدۇشۇكۇر ئىمىن بوۋام توغرىسىدا بىر نەچچە ماقالىلارنى يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ يېزىشچە، بوۋام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن 1897 ـ يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە مەرىپەتچى، بىلىملىك، دىنىي زات باھاۋۇدۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپ غۇلجا شەھرىدىكى «تائالىيە» مەكتىۋىدە ئابدۇمۇتائالى خەلپەمنىڭ (1868 ـ 1960) قولىدا، كېيىن ناغىرچى مەھەللىسىدىكى «خانىقا» مەكتىۋىدە بىلىم ئالغان. 1912 ـ يىلى يانۋاردا ئائىلىسى بىلەن خۇنخاي مازارىغا كۆچۈپ چىقىپ، ئورۇنلىشىپ قالغان .

بۇ مەزگىلدە خونخاي مازار جۇڭگو ـ رۇسيە سودا ئېغىزى بولغان. ئىمىنجان باھاۋۇدۇن بۇ يەردىكى رۇس ئايالى بار جۇ جاڭگويدى دېگەن باي خىتاي سودىگەرنىڭ قولىدا تۆرت يىل ئىشلەپ، جۇ جاڭگويدىن خىتايچە ۋە ئۇنىڭ ئايالى ناتاشىدىن رۇسچە تىل ئۈگۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك يىگىت ئېكەنلىكىنى سەزگەن باي سودىگەر ئۇنى دۇكاندا مال سېتىشقا ئىشقا سالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ ۋە خونخايدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا شۇ چاغدا بىرىنچىلەردىن بولۇپ پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارى بولىدۇ. شۇ دەۋردىكى يېڭىلىقنى خالىمايدىغان بىلىمسىز، مۇتەئەسسىپلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ ئاخىرى ئىلغار پىكىرلىك جامائەتچىلىكنىڭ ياردىمىدە 1916 ـ يىلى خونخاي مازارىدا تۇنجا (ئىككى سىنىپلىق) مەكتەپ قۇرۇپ باللارنى يىغىپ ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ.

رۇسيە ئوكتەبر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن چاپچال خونخاي مازارىغا چەت ئەلدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ ئىشىپ دەرسلىكلەرنىڭ يېتىشمەسلىگى كېلىپ چىقىدۇ. 1920 ـ يىلى بوۋام ئىمىنجان ئىلى دىيارىدا ئوقۇش قوراللىرى مەسلىسىنى ھەل قىلالمىغانلىغى ئۈچۈن ئورتا ئاسىيەگە سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردىن ئوقۇتۇش ماتېرىئاللىرىنى باشقىلار ئارقىلىق ئىلىغا ئەۋەتكەن. ئۆزى

www.uyghurkitap.com

يولسا، بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاتارىستاننىڭ قازان شەھرىگە كېلىپ ئۇ يەردە تۈرك، تاتار، پارسى، رۇس تىل-يېزىغىنى ئۆگەنگەن. بۇۋاقىت سەپەرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلى دىيارىدا يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان. 1930-يىلىدىن كېيىن خونخاي مازار مەھەللىسىگە يەتتىسۇدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپەيگەنلىكتىن يېڭىچە دەرس ئوقۇتۇش تېخىمۇ كەڭ يولغا قويۇلغان. ئۇ توققۇزتارا رايونىنىڭ ھاكىمى نەزەرخان غوجىنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىپ، مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئەمەتخاننىڭ تەستىقى بىلەن خونخاي مازارىدا 500 كىشىلىك كلۇب سېلىپ، 8 سىنىپلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچقان. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئىچىدە كەڭ تونۇلغان.

1933-يىلى نەزەرخانغوجا بۇۋاقىتنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىپ توققۇزتاراغا ئېلىپ كەتكەن (ئۇ چاغدا چاپچال توققۇزتارا ناھىيەسىگە قاراتتى). توققۇزتارا ناھىيەسىدە مەدەنىي - مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە مەمۇرىي ساھالەردە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قىلغان. 1936-يىلى چاپچال ئايرىم ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ناھىيەلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە دىنىي بۆلۈم مەسئۇلى بولغان. بۇ مەزگىلدە چاپچال رايونىدا 10غا يېقىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل مەكتەپلىرى قۇرۇلغان.

1940-يىلى شىڭ شىسەينىڭ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى قولغا ئالغاندا بۇۋاقىت ئىمىنجان باھاۋۇدۇنمۇ تۈرمىگە سولانغان. 1944-يىلى، 10-نويابىر كۈنى ئىلى پارتىزانلىرى غۇلجىنى ئازات قىلغاندا ئۇمۇ تۈرمىدىن چىققان. 1945-يىلى، يىرىنچى يانۋار كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆكتۈرۈشى بويىچە چاپچال ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ بۇ خىزمەت جەريانىدا گومىنداڭ قالدۇق ئىشپىيونلىرىنى تازىلاش بىلەن بىرگە خەلقنىڭ كۆپلىگەن ناھەق تۆھمەتلىرىنى، ھۆججەتلىرىنى، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يەر ماجراسىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ بېرىدۇ.

بوۋام ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشتا كۆپ ئىزدىنىپ، 22 يىللىق ئۆمرىنى سەرىپ قىلىپ «ئىلى تارىخى»نى يېزىپ چىققان. «ئىلى تارىخى» ئەسەرىنى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلى ئابدۇرېشىت ئىمىنغا ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن بۇ تارىخنى موشۇ يەردە توختاتتىم. 22 يىللىق ئۆمرىمنى سەرىپ قىلىپ ئىشلىگەن بۇ كىتاپنى مېنىڭ ئورنىمدا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندىم جانابلىرىغا تەغدىم قىلارسەن» دېگەن ئېكەن. دادام ئابدۇرېشىت ئىمىن بوۋامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قولىيازمىنى قايتىدىن كۆچۈرۈپ ئەخمەتجان قاسىمىغا تاپشۇرىدۇ. بوۋام ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسىنى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنىسى ئىمىرئاخۇن باھاۋۇدۇنىنىڭ ئۆيىدىن يۇسۇپبەگ مۇخلىسى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئىككى قولىيازمىلار ئۇرۇمچىدىكى ئەسەر ـ ئەتىقىلەرنى ساقلاش مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

بوۋام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۇنىڭدىن باشقا «ئىسلام ئۆلۇمالىرى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى»، «ئىسلام تارىخى» ئوخشاش تارىخى ماۋزۇلاردا ئەسەرلەر يازغان. 40 ـ يىلى ئىلى دىيارىنىڭ مەتبۇئات ۋە مەتبەئە ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن كىتاپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىگى بولمىغان. شۇ سەۋەپلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازما ھالىتىدە قالغان ۋە بەزىلىرى بولسا ژۇرناللاردا نەشىر قىلىنغان.

بوۋام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىپ توپلاش ئىشىدا كۆپ ئەمگەك قىلغان. بۇ توغرىسىدا «شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى» ژۇرنالى 1957 ـ يىلى 10 ـ سانىدا «...ئىمىنجان ئاكا 3000دىن ئوشۇق ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىزگە تەغدىم قىلىش پۇرستىگە ئېگە بولالمىغان ئېدى. بىز ژۇرنالىمىزنىڭ موشۇ سانىدىن باشلاپ مەرھۇم ئىمىنجان ئاكا تەرىپىدىن توپلانغان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن تېخى مەتبۇئات يۈزىدە چىقمىغانلىرىنى تاللاپ، داۋاملىق تونۇشتۇرىمىز» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 11 ـ 12 ـ سانلىرىدا ۋە «تارىم» ژۇرنالىنىڭ 1958 ـ يىلى 1 ـ 2 ـ سانلىرىدا تونۇشتۇرۇلغان.

بوۋام ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىنىڭ «ئىلى تارىخى» ئەسەرى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمكى دەۋرى»، «ئىلى چاغاتاي دەۋرى»، «ئىلى جۇڭغار خانلىغى دەۋرى»، «ئىلى مانجۇر خانلىغى دەۋرى»، «ئىلى سۇلتانلىغى دەۋرى»، «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى» قاتارلىق بىر قانچە قىسىملاردىن ئىبارەت.

مانا بۇ قولىڭىزدىكى بوۋام ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق كىتاۋى بىرىنچى قېتىم نەشىر قىلىنىۋاتىدۇ. موشۇ نەشىر قىلىشتا بىزگە ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتە ياردەم كۆرسەتكەن قېرىنداشلىرىمغا، دوستلارغا چىن يۈرەكتىن رەخمەت ئېيتىمەن.

**ئەكبەرجان ئابدۇرېشىت ئوغلى بائۇدۇنوۋ،**

**پەلسەپە پەنلىرىنىڭ نامزىتى**



ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# سۆز بېشى

بىزنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان تارىخىمىزدا تارىخچىلارنىڭ يۈرتىمىز ئىلى تارىخنى يېزىپ مەيدانغا كەلتۈرگەنلىرى كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن ن. ن. پانتۇسوۋنىڭ ئەسەرلىرى، موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپنىڭ «غازات دەر مۈلۈكى چىن» ناملىق كىتابى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋ (ئۇيغۇر ئوغلى)نىڭ «ئىلى تارانچى تارىخي» ناملىق ئەسەرى بېسىلىپ تارقالغان بولسىمۇ ھۆكۈمران مۇستەبىتلەرنىڭ سىياسي بېسىمى بىلەن خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالمىغان ئېدى.

ئىلىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى ھەمدە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنىڭ ئۆتكەن زاماندا قانداق بولغانلىقىدىن ئوچۇق مەلۇمات بېرەلەيدىغان بىرەر ئەسەر روياپقا چىقمىغاچقا، بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا بىلىدىغان قېرىنداشلىرىمىز يوق دېيەرلىك. تارىخنى بىلىدىغانلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى بولسا ئېغىزدىن - ئېغىزغا، بالىدىن - بالىغا ئۆتۈپ، يوق بولۇپ كېتىشى تەبىئىي. مانا شۇ ۋەجىدىن بۇ يېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە، 1923 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى يىغىپ، رەتلەپ بۇ «ئىلى تارىخى»نى موشۇ ھالغا كەلتۈردۈم. ئەينى ۋاقىتتا مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن بۇ ئەسەرنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلمەي كەلگەنىدىم. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بىر نەچچە يىل ئۆمرۈمنى سەرىپ قىلىپ يىغقان بۇ تارىخى ئەسەرنى بىر كۈن بولسىمۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇرۇنىراق ئوقۇپ، ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - پاتىھە قىلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

بۇ تارىخنى يېزىش ئۈچۈن موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپنىڭ «غازات دەر مۈلۈكى چىن»، ئۇيغۇر ئوغلىنىڭ «ئىلى تارانچى تارىخى»دىن، ن.ن. پانتۇسوۋنىڭ رۇسچە ئەسەرلىرىدىن، مانجۇر، سولۇن، شىۋەلەر تارىخى، «كۆچ - كۆچ» تارىخى ۋە موڭغۇلچە «موڭغۇل لامالار تەزكىرىسى»، ئىمىن ۋاڭ، مۇسا گۈڭلارنىڭ تارىخىدىن پايدىلاندىم. بۇ ئەسەرىمدە گەرچە

كامچىلىق ـ نۇقسانلار كۆپ بولسىمۇ، قورۇق قاراپ تۇرغاندىن كۆرە كەلگۈسىدىكى تارىخچىلىرىمىزغا ياردىمى تېگىپ قالار، دېگەن نىيەتتە ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇردۇم.

**ئىمىنجان باھاۋۇدۇن.**

**1948 ـ يىلى، 28 ـ فېۋرال، غۇلجا**

www.uyghurkitap.com

# تارىخىمىز ھەققىدە ئۇمۇمىي بايان

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز زامانىمىزدىن بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بۈيۈك بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەلەرنى، خانلىقلارنى، ھەمدە سولالىلەرنى قۇرۇپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن. مىللىتىمىز دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئۇلۇق ھون تەڭرىقۇتلىقى، ئۇلۇق كۆك تۈرك قاغانلىقى تەركىبىدە ياشىغان. كېيىن ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى، قارا خانىلار سۇلالىسى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە قارا خانىلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمانلاشقان ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە پۇختا ئاساس سالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى قارا خانىلار دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخى جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى قەبىلىلەر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مۇسۇلمانلىشىشىدا تارىخى خاراكتېرلىق تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قارا خانىلار سولالىسىدىكى خانلار ئىچىدە مەملىكەت باشقۇرۇشتا ماھىر كىشى بولغان. ئۇ قارا خانىلار سولالىسىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. ھازىر ئۇ خانىنىڭ جەستى ئارتۇشتا.

XI ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ XII ـ ئەسىرنىڭ 12 ـ يىللىرىغىچە يەنى قاراخانىلار باشقۇرۇپ كەلگەن مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل چوڭ دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا شۇ دەۋرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يېڭى باشتىن تىكلەنگەن ھەم گۈللەنگەن دەۋرى دەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ: «قۇتادغۇ بىلىك»داستانى ئەنە شۇ

دۆرىدە يېزىلىپ، شۇ زاماندىكى شەرقىي قارا خانىلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى ئۇبۇلھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان. قاراخانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇق ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم ماھمۇت قەشقەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركى تىللار دىۋانى»دۇر. ئالىم بۇ ئەسەرنى 1075 ـ يىلى شۇ دەۋردىكى ئەرەپ خەلىپىسى مۇقتەدىرغا تەقدىم قىلغان.

## چىڭگىزخاننىڭ بېسىپ كىرىشى

1228 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى كەلكۈن سۈدەك شىددەت بىلەن شىمالىي خىتاي (جورجىتلار)، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ھىندىستان ۋە رۇسىيەنى بېسىپ، ياۋروپاغا ئۆتتى. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى موڭغۇللار بىلەن كېلىشىم تۈزگەندى.

چىڭگىزخان دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، تۆرت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇ دەشتى قىپچاق دالاسىنى، يەنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۇزلەڭلىكنى چوڭ ئوغلى جوجىغا، ئىلى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل، چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، تالاس دەرياسى ئەتراپى ھەمدە قەشقەر ۋە ماۋرائۇننەھرى قاتارلىق جايلارنى2 ـ ئوغلى چاغاتايغا مەرھەمەت قىلدى. چىڭگىزخاننىڭ 3 ـ ئوغلى ئوگدايخان بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالى قىسمى، يەنى ئىمىل دەرياسى، تارباغاتاي، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇلۇنگۇ دەرياسى قاتارلىق رايونلارغا ئىگە بولدى. كەنجە ئوغۇل تولىغا بولسا، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان تۇغلا دەرياسى، ئونون دەرياسى بىلەن قورۇلۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى يەرلەر تەگدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ XIV ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە ئۇيغۇر ئىلى چىڭگىزخان نەسلىنىڭ قولىدىن ـ قولىغا ئۆتۈپ، تىنچلىق تاپمىدى. خانلارنىڭ ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئىلى چوڭ كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراپ خاراب بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com

چاغاتاي خانلىغى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ماھمۇد، مەسئۇد، ئالغۇي، ئىسەن بۇغا، تۇغلۇق تۆمۈرخان، ئىلياسخان، خىزىر غوجا، شەيخ جاھان، شىرمۇھەممەت، شىرئەلىخان، يۇنۇسخان، ھاسان بۇغا، يۇسىپخان، مۇھەممەت سۇلتان، سۇلتان ئەخمەت، ئاجىخان قاتارلىق ئون ئالتە خان ھۆكۈم سۈردى.

1262 ـ يىللىرىدا ئارىق بۇغا، ئالغۇيلار ئىلىدا قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلدى. ئەنە شۇنداق ئۇز ـ ئارا ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە خانلار پات ـ پات ئالمىشىپ تۇرغاچقا قىسقا ۋاقىتتىلا يىگىرمىگە يېقىن خان ئۆتتى. شۇ سەۋەپتىن قەشقەرىيەدە چاغاتاي تۇخۇمىدىن خان ئۇرۇقى قالمىدى. ئاخىرى شۇ مەزگىللىكى تۆرىلەر بۇخارادىن غوجا مەخلىك ئىسەن بۇغا دېۋلن چېچەن ئوغلىنى ئالدۇرۇپ، ئۇيغۇرستانغا خان قىلىپ تىكلىدى. ئېسەن بۇغىنىڭ توقال خوتىنى مىخلىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسىملىك بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ بالا ئانىسى بىلەن قەشقەردىن ئىلىغا قوغلىۋېتىلىدۇ. سەۋەبى ئېسەن بۇغىنىڭ چوڭ خوتىنى ساتىلمىشنىڭ كۈندەشلىكىدىن بولغانىدى.

بەزى گەپ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىلىغا چىقىپ بىر نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن «ئالمىلىق» شەھەر ئوردىسىدىكى سۇۋانغا ئىلتىماس قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىدا تامامەن سۇت، قايماق، ئايرلن بار ئېكەن، نان بولسا كام ئېكەن، بىز مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرەمدۇق». بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇۋلن ئالتىشەھەردىن 100ئۆيلىك كىشنى بالا ـ چاقىسى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارغا قورغاسنىڭ كېگەن غولىدىن بىر غول سۇ بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلدۇرغان. جەنۇبتىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى موڭغۇللار ئۆز مىللىي ئىسمى بىلەن ئاتىماي ئىش نامى بىلەن ئاتاپ «تارانچى» دېگەن ، موڭغۇللار بوغداينى «تارلن» دېگەچكە «تارانچى» دېگەن نام شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ قالغانىدى.

بۇ دەۋردە تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسىللىرىگە تەگرى تاغلىرى ئىچىگە ئورۇنلىشىپ قالغان كۆچمەن ئايماقلار تىنچلىق بەرمەي ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇگمەس ـ پۈتمەس دەرتتالاشلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈچۈملارنى قىلدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئىلىنىڭ بىرلىكى پارچىلىنىپ، تالان ـ تاراجغا ئۇچرايدۇ . ھەمدە ئۆز ئارا چىقىشالماي ئۇششاق نىزاھلار بىلەن ۋەيران بولۇشقا باشلايدۇ.

# ئىلىدا تۇغلۇق تۆمۈر خان دەۋرى

قەشقەرىيەدە ئېسەن بۇغا خانىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇيغۇرستان يەنە خانسىز قالدى. ئېسەن بۇغىنىڭ تۇرىلىرىدىن ئەمىر بۇلاجى 1348 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخانىنى ئىلىغا خان قىلىپ كۆتەردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز ئوردىسىدىكى رەشىد باغدادى دېگەن زاتنىڭ تەكلىپى بىلەن 160 مىڭ موڭغۇلغا باش بولۇپ مۇسۇلمان بولدى. ئىسەن بۇغا تۇرىلىرىدىن جۇراسى دەسلەپتە قارشى چىققان بولسىمۇ ئاخىرى ئۆزىمۇ مۇسۇلمان بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدا 160 مىڭ موڭغۇل ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا يېڭى مۇسۇلمانلار ئۆز ئېتىقادىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن باشلىرىدىكى نىشانە بولغان تەلپەكلىرىنى دەرياغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ توسۇلۇپ دەريا ياقىسىدىكى كۆرە شەھرى ئامان قالغانلىقتىن ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار «ئىلاھا» دەپ ۋاقىرىغان. شۇنىڭ بىلەن «ئىلاھا» بۇ سۇغا نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ 160مىڭ موڭغۇل بىلەن مۇسۇلمان بولغانلىقى راست، قالغىنى غەلىتە سۆزلەردۇر.

«ئىلى» نامىنىڭ لۇغەت مەنىسىنى تەكشۈرسەك ئەسلىدە ئۇ «ئىلى» ـ «ئىلىلىق» دېگەن سۆزلەردىن ئىلىنغاندۇر. ئۇيغۇرلار ئۇنى كۆزگە يېقىملىق ۋە خۇش كۆرۈنۈشلۈك مەنىلەردە يۇرگۈزگەن. دېمەك «ئىلى» ـ ئىلىلىق دېگەن مەنىدە ئېلىنغانلىقى ناھايىتى توغرىدۇر.

خەنزۇ ئالىمى ۋاڭ فاملىلىك كىشى بىلەن بىرمۇنچە ۋاقىت بىللە بولغانىدىم. ئۇ «ئىلى» دېگەن نام خەنزۇ تارىخلىرىدا يوق. موڭغۇلچە ئىسىم بولسا كېرەك دېگەن جاۋابنى بەرگەنىدى. موڭغۇللار ئىلىنى «جىلىڭ» دېيىشىدۇ. بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار ھەم موڭغۇللار مەشھۇر ئادەملەرنىڭ قەبرىسىگە

«ئالتۇنلۇق» دېگەن نامنى ئۇلۇغلاپ قويانتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ خۇنخايىدىكى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ قەبرىسىنى ئۇلۇغلاپ «ئالتۇنلۇق» دېيىشى شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مەملىكەتنى كىڭەيتىش يولىدا جەسۇر، غەيرەتلىك خان ئېدى. ئۇ 1360-يىلى ئالتىشەھەرنى قولىغا ئالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان قولىغا كىرگۈزگەن يەرلىرىنىڭ ئاۋات، مەمۇرچىلىق بولىشىغا تىرىشاتتى. ئۇ ئوغلى ئىلياس غوجىنى سەمەرقەنتتە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىلىدا تۇرغان چىغىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ قەبرىسى قورغاس - بۇرۇنقى «ئالمىلىق» شەھىرىگە قويۇلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلگەندىن كېيىن ئىلياس غوجا بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئوتتۇرىسىدا خانلىق تالىشىش ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئىلياس غوجا يېڭىلىپ ئىلىغا قايتىپ كەلدى. ئەمىر تۆمۈر ئىلياس غوجىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ تەختى بولغان «كۆك تاش»قا كوراگان (كۈيئوغۇل) نامنى ئېلىپ قايتتى. ئەمىر تۆمۈر بۇ سەپەردە ئۇلۇغ يۇلتۇزغا بارغاندى، كېيىن ئالدىراشلىق بىلەن ئارقىغا قايتىپ كەتتى.

ئىلياس غوجىدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر غوجا خان بولدى. خىزىر غوجا تۇرپان، قۇمۇل ئاھالىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش يولىدا قاتتىق جەڭ قىلدى ۋە ئاخىرى شۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە شېھىت بولدى. ئۇنىڭ قەبرىسى هازىرمۇ تۇرپاندادۇر. خىزىر غوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن 1401-يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئوغلى شەيخ جاھان (شاھى جاھان) خان بولدى. 1408-يىلى خىزىر غوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شىرمۇھەممەد خان بولدى. يېقىنقى زامانلاردىلا يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاچىنۇقا دېگەن يېرىدە بۇ خاننىڭ نامىغا سوقۇلغان تەڭگىلەر تېپىلغان. شەيخ جاھان خاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى نەقشى جاھان خان بولدى. نەقشى جاھاندىن كېيىن شىرئەلى خان، ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخان خان بولدى. ئۇۋەيسخاننىڭ زامانىسىدا قالماقلار موغۇلىستانغىچە هۇجۇم قىلىپ، ئىلى رايونىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇۋەيسخاننىڭ ئېسەن بۇغا، يۇنۇسخان دېگەن ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇۋەيسخاننىڭ قەبرىسى غۇلجىدىن 80 چاقىرىم شەرقتىكى ئابرال تېغىنىڭ ئالدىدىكى «سۇلتان ئۇۋەيس(سۇلتانئۇۋەيس)» دېگەن مەھەللىدىدۇر. ئامما بۇ تەرەپتىكى خەلقلەر بۇ قەبرىنى ھىجاز ۋىلايىتىدىكى رەھمتۇللا ئەلەيھەنىڭ قەبرىسى دەپ بىلىدۇ.

ئۇۋەيسخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككى ئوغلى خانلىق تالاشقانىدى. ئېسەن بۇغا خانلىقتا ئولتۇردى. ئۇ 1438ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى كىپەك (ئەھمەد)خان بولدى. يۇنۇسخان 1472ـ يىلى ئەھمەد سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولدى.

## ئىلىدا جوڭغار خانلىغى دەۋرى

جوڭغار خانلىغى ئويرات موڭغۇللىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئويرات قەبىلىلەر ئىتتىپاقى جوڭغار، دۆربىت، تورغۇت، خوشۇت قاتارلىق تۆرت چوڭ قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. XVII ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، قارا قۇللا باشچىلىقىدىكى جوڭغار قەبىلىسى پەيدىن ـ پەي كۈچىيىپ، ئويرات قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى ھۆكۈمران قەبىلىگە ئايلاندى. 1635 ـ يىلى جوڭغار قەبىلىسىنىڭ تەيشىسى قارا قۇللا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى باتۇر قۇنتەيجى ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، جوڭغار قەبىلىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. جوڭغار خانلىغىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا باتۇر قۇنتەيجىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ئاساس سېلىنغان بولۇپ، 1640 ـ يىلى تارباغاتايدا ئويرات ۋە خالخا موڭغۇللىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىلىپ، موڭغۇل ئويرات قانۇنى ماقۇللاندى. بۇ قانۇننىڭ ماقۇللىنىشى جوڭغار خانلىغىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلدى. 1653 ـ يىلى باتۇر قۇنتەيجى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى سېڭگى ۋارىسلىق قىلدى. بىراق سېڭگى 1670 ـ يىلى ئىچكى ئىختىلاپلاردا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى غالدان تەختكە چىققاندىن باشلاپ جوڭغار خانلىغى قۇدرەت تېپىپ،

ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. XVII ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزىنى قوبۇقساردىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكەپ كەلدى. غالدان ئىلى تەۋەسىنى قولغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن ئالتىشەھەرنى بېسىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ يەردە ئۆتكەنكى چاغاتاي نەسلىدىن بولغان ئىسمائىل خانغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئامالسىز قالدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئىسمائىل خان بىلەن خانلىق تالىشىپ كېلىۋاتقان مەھدۇم ئەزەم ئەۋلادىدىن بولغان ھىدايەتۇللا (ئاپپاق) غوجىمۇ ئىسمائىل خانغا ئۆزى تەڭ كېلەلمەسلىكىنى بىلىپ كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە بېرىپ دالاي لامادىن ياردەم سورايدۇ. دالاي لاما ئۇنىڭغا ئاپپاق دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى شۇ چاغدىكى جۇڭغار خانلىغىنىڭ خاقانى غالدانغا تونۇشتۇرۇپ يولغا سالدۇ. ئۇ ئالتىشەھەردە ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچى مۇرىتلىرىنىڭ كۆپلۈگىنى ، غالداندىن ياردەم بولسىلا ئالتىشەھەرنى ئوڭايلا قولغا ئالىدىغانلىغىنى ئېيتىدۇ. غالدان بىر يىل پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن يەكەن خانلىغىغا قارشى ئۇرۇش قوزغايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن تۇرپان، توقسۇنلارنى ئېلىپ، ئاندىن ئاپپاق غوجىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنى ئوڭايلا قولغا ئالدۇ. ئىسمائىل خاننى ئەسىرگە ئېلىپ ئىلىغا پالاپ ئەكەلگەندىن كېيىن يوق قىلدۇ. غالدان ئالتىشەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئاپپاق غوجىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن مۇكاپات بېرىپ، ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئاپپاق غوجا غالدان بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ سودا ئىشلىرىنى يۇرگۈزىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى ماتا، چەكمەن ۋە پاختىلار ئىلىغا چىقىرىلىپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ماتا ناھايىتى ئەتىۋارلىق تاۋار سانىلاتتى. شۇڭا بىر ماتا بىر ئۆچكىگە توختام قىلىناتتى. جۇڭغارلار ھەممە چوڭ شەھەرلەرگە ئۆز ئادەملىرىدىن نازارەتچى قويۇپ، غوجىلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاپپاق غوجىنىڭ جۇڭغارلارغا بولغان ئىخلاسى تۈگىگەنىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېدىئ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جۇڭغارلار ھازىرقى قاينۇق يېزىسىغا يېقىن ئورۇننى پايتەخت قىلغان بولۇپ، ئەنە شۇ ئەسىرلەردىن قالغان ئوردىنىڭ كونا تاملىرى تېخىچە بار. چاغاتاي بالىلىرىنىڭ ئوردىلىرىمۇ مۇشۇ ئورۇندا ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلىنمايدۇ. «قاينۇق»، «خانلىق» ياكى «خانبالىق» دېگەن سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك. «بالىغ» ـ ئۇيغۇرچە شەھەر دېمەكتۇر.

ئاپپاق غوجا ۋاپات بولغاندا غالدانمۇ ۋاپات بولغان ئىدى. كېيىن بۇ ئىككى ئوردا بىر يولى دېگىدەك ۋارىسلارنىڭ قولىغا قالدى. شۇ مەزگىلدە ئاپپاق غوجىنىڭ رەقىبى بولغان كاسانى غوجا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، «ئاپپاق غوجىنىڭ بالىلىرى جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىلاڭغا ھازىرلىنىۋاتىدۇ» دەپ چېقىشتۇرىدۇ .جۇڭغارلارنىڭ قەشقەرگە قويغان نازارەتچىلىرى بۇ ئەھۋالنى يۇقۇرىغا مەلۇم قىلغاندا، بۇنىڭدىن موڭغۇللار شۈبھىلىنىپ، غوجىلاردىن ئىلىغا چۈشىدىغان ھەمراھ سورايدۇ ۋە ئاپپاق غوجىنىڭ ئەھمەت دېگەن تۆرىسىنى ھەمراھ قىلىپ، ئىلىغا ئېلىپ كېلىپ يوق قىلىدۇ.

جۇڭغارلار زامانىسىدا ھازىرقى قاينۇققا يېقىن يەردە شەھەر غوجا (شەرۋاغ) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ «تاغلىق» دېگەن كىلىشكەن بىر شەھىرى بار ئىدى. باشلىقى مۇھەممەت ئىمىن خان دېگەن كىشى ئىدى، ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئۆز ـ ئارا تالاش تارتىشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ مۇناسى، جۇپتالاسى، ماڭلاي سۇبۇغ، ماڭلاي چۇ دېگەن يەرلەردە بىر ئايغا قەدەر ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى جۇڭغارلار بىلەن تەڭ كېلەلمەي، كۆكنەك ـ ھازىرقى تەلەمەت داۋانىدا ئېشىپ كۇچاغا كەتتى. كۇچا خانى ئابدۇكېرىمبەگ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ 1000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن 1000 دانە ئېگەرلىك ئات ئەۋەتكەنىدى. قالماق ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆتكەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن ئىلاجسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

ئۇيغۇرلار ئالتىشەھەرنى چاغاتاي تۇخۇمىدىن قايتۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرەلمىدى. XVII ـ ئەسىرگىچە ئۈزلۈكسىز

ئىچكى ۋە تاشقى مەزھەپ ئۇرۇشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن مانجۇر، موڭغۇل باسمىچىلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى.

ئەسلىدە بۇ قانلىق مەزھەپ ئۇرۇشلىرىنىڭ بېشى مۇنداق باشلانغان: XV ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدا مەختۇم ئەزەم دېگەن بىر غوجا يەكەن خانلىقىغا كېلىدۇ. باش ـ ئايىغى ئۇزۇلمەي بولۇۋاتقان ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن ئالتىشەھەر خەلقىگە ماددىي، مەنىۋىي ئەمىنلىك بەك زۆرۈر ئىدى. مۇنداق ئەمىنلىككە تەشنا بولىۋاتقان مەزگىلدە كېلىپ قالغان بۇ غوجىنى ئالتىشەھەر خەلقى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالىدۇ. بۇ زات ئالتىشەھەرلىكلەرگە ناھايىتى كۆپ كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرگەندىن كېيىن ۋاپات بولغانىدى. ئۇ غوجامدىن كېيىن ئىمام كالان، ئىسھاق ۋەلى دېگەن ئىككى ئوغلى غوجىلىق مەنسىپىنى تالىشىپ، ئالتىشەھەر خەلقىنى ئىككىگە ئايرىۋېتىدۇ. بىرى دۆلەتنى سىياسىي يول بىلەن باشقۇرىمىز دېسە، يەنە بىرى ئىسلام دىنى بىلەن باشقۇرىمىز دەپ ئىككى مەزھەپ پەيدا قىلىدۇ. ئىمام كالان مەزھىپى: «ئىشقىيە »، ئىسھاق ۋەلى مەزھىپى: «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتىلىپ ئىشقىيە تەرەپدارلىرى «ئاق تۇغ»، ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرى «قارا تاغ» لىقلار، ئىشقىيە تەرەپدارلىرى «ئاق تۇغ»، ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرى «قارا تۇغ» بولۇپ، ئۆز ـ ئارا ئۇرىشىدۇ. بۇ ئۇرۇشلار ئىككى ئەسىرگىچە سوزۇلۇپ بۇ بىر تۇغقان ئىككى قېرىنداشنىڭ سەۋەبىدىن ئۇيغۇر باللىرىنىڭ قانلىرى دەريا ـ دەريا بولۇپ ئېقىپ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ بىرلىكتىن ئايرىلىدۇ (ئاپپاق غوجىنىڭ ئۆزىمۇ ئاق تۇغلۇقلاردىن ئىدى).

غوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ مەزھەپ ئۇرۇشلىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ئالتىشەھەرنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالا ـ قازا غارىغا سولاپ قويغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مانجۇرلار بىلەن جۇڭغارلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئېيتقۇسىز ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچراتقانىدى. ئىلگىرى مۇستەقىل، كۈچلۈك دۆلەت ئىگىسى بولۇپ، شۆھرەت تاپقان ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئاخىرى موڭغۇللاردىن قۇتۇلۇپ مانجۇرلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئالتىنشەھەرلىكلەر ئۆز ـ ئارا سوقۇشۇۋاتقاندا مانجۇر سۇلالىسى كۈچىيىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلارغا ئاياق بېسىشنىڭ باشلانغۇچى قىلىپ، قۇمۇل بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، **1712** ـ يىلىدىن **1718** ـ يىللىرىغىچە قارا شەھەرگە قەدەر بېسىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا غالداننىڭ نەسلى تۈگەپ، موڭغۇل بەگلەر ئارىسىدا ھەركىم ئۆز ئالدىغا خان بولۇشنى تالاشماقتا ئىدى. جۇڭغارىيەگە خان بولغۇسى كەلگەن ئامۇرسانا دېگەن كىشى ئىچكى پىتنە ـ پاساتلاردىن پايدىلىنىپ، **1754** ـ يىلى مانجۇرلاردىن ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. غالدان پۇچۇق زامانىسىدىن بېرى جۇڭغارىيەگە ئاياق باسالماي كېلىۋاتقان مانجۇرلار بۇ تەكلىپنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال ئەسكەر كىرگۈزدى.

ئامۇرسانا يامان نىيىتىنى ئىشقا سېلىپ «مانجۇر سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنى بېسىۋېلىشقا ئەسكەر كىرگۈزدى» دەپ ئۆزى چاقىرىپ كەلگەن مانجۇر ئەسكەرلىرى بىلەن ئاق تۇغلۇق، قارا تۇغلۇقلارنى قورقۇتماقچى بولغانىدى. بۇ چاغدا ئاق تۇغلۇق غوجىلاردىن بۇرھانىدىن خان غوجا قارا تۇغلۇقلارنى يېڭىپ، ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرلارغا خان بولدى. لېكىن بۇ خانلىقنىڭ داۋامى ئۇزاققا بارماستىن ھېلىگەر ئامۇرسانانىڭ چاقىرىپ كەلگەن مانجۇر ئەسكەرلىرى جۇڭغارلىقلارنىڭ بېشىغا مىندى. بۇنى كۆرگەن ئامۇرسانا چىن تۆرىلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى بىلىپ كۈچ توپلاپ، مانجۇرلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىن گەنسۇغىچە قوغلاپ چىقاردى.

بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. جۇڭغارلار شۇنىڭغا نارازىلىق قىلىپ تۇرپان شەھىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كۆپ زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ چاغدا تۇرپان ھاكىمى ئىمىن بەگ بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ ئاپپاق غوجا ئەۋلادلىرىدىن ياردەم سورىغانىدى، بىراق غوجا نەسلىنىڭ مەزھەپ ئۇرۇشى ئىچىدە داۋاملاشقانلىقتىن ئىمىن بەگنىڭ مۇراجىتى ئىلتىپاتقا ئىلىنمىدى. موڭغۇللارنىڭ زالىملىقىدىن، بۇلاڭ ـ تالاڭلاردىن زەربە يېگەن ئىمىنبەگ چارىسىزلىقتىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى

نامىدىن مانجۇر ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراپ ئەسكەر ئەكىرىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

مانجۇر ھۆكۈمىتى تۇرپان ئەلچىلىگىگە ئالاھىدە زىياپەتلەرنى بېرىپ كۈتىۋالدى. ھەمدە چىنىنىڭ ئىلىغا ماڭغان چېرىكلىرىگە ئىمىنبەگنى مۇئاۋىن گىنرال قىلىپ بېكىتىپ، ئەلچىلەرنى ياندۇرغانىدى. ئىمىنبەگ چىن چېرىكلىرىگە (مانجۇرلارغا) قوشۇمچە چېرىك قوشۇپ، تاغقا قاچقان جۇڭغار خانىنى تۇتۇۋېلىپ مانجۇر لەشكەرلىرىنىڭ باشلىغى جاۋ جاڭجۈنگە تاپشۇرۇپ بەردى.

1757 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ قوماندانى ئامۇرسىنا مانجۇرلارغا قارشى كۈرەش ئىلىپ بارغان بولسىمۇ، چىنىنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ، تەشكىلى ۋە قورال جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي بىر نەچچە قېتىملىق جەڭدىلا تارمار بولدى. ئامۇرسىنا ئاخىرى رۇس يېرىگە قېچىپ بېرىپ، توبىبۇلسكى شەھرىدە ۋاپات بولدى. چىن گېنېرالى جاۋ خۇي جۇڭغارلارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى. چىن ھۆكۈمرانلىرى شۇ زاماندا جۇڭغارىيەنىڭ تىنچ ئاھالىسىدىن بىر يېرىم مىليون ئادەمنى ۋەھشىيلەرچە قىرىۋەتتى. جۇڭغارلار قىرىلغاندىن كېيىن بوش قالغان يەرلەر كۆپەيدى. بۇ زىمىنىنىڭ ئەڭ ياخشى يەرلىرىنى مانجۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كۆچۈرۈپ چىققان ئادەملىرىگە بەردى. جۇڭغارلارنىڭ يايلاقلىرىنى چىن مەمۇرلىرىنىڭ رۇخستى بىلەن قازاقلار ئىگەللىدى. ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن ئەڭ ياخشى يەرلەرگە ئىچكىرىدىن كۆچۈپ چىققانلار ئولتۇراقلاشتى. جۇڭغارلارنىڭ مەركىزى بولغان ئىلى تەۋەسى بىر ۋىلايەت بولۇپ قالدى.

ئىمىنبەگنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇكاپات تەرىقىسىدە «ۋاڭ» لىق ئۇنۋانى ئاتا قىلىندى. خەلقلەر ئىمىن بەگنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلدى. بۇ مەنسەپ بالىدىن ـ بالىغا قېلىش شەرتى بىلەن ئىمىنبەگ چىن چېرىكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەرگىچە ھەممە شەھەرلەرنى پەتىھ قىلىپ، مانجۇرلارغا ئىلىپ بەردى. بۇ 1757 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىش ئېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىنبەگنىڭ نەسلى تا شۇ كەمگىچە ۋاڭلىق، ھاكىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ەرىجىدە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ ۋاقىتلاردا بىرەر يەرگە ھاكىم تەيىنلىمەكچى بولسا مۇتلەق ئىمتىيازلىق نەسلىدىن قويۇلۇشى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنى ئىدى. لېكىن كېيىنرەك جاھانگىر غوجىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكىگە مۇكاپات تەرىقىسىدە بۇ مەنسەپ يەنە ئالتىنشەھەرلىك ئىسھاق دېگەن كىشىگە سوغا قىلىپ بېرىلدى.

## ئىلىدا مانجۇر تائىپىلىرى ۋە ئۇيغۇرلار

چىن ئەسكەرلىرى موڭغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىپ جۇڭغارىيەنى قورغىنىمىز دەپ ھېسابلىغاندىن كېيىن ئاياغلىرىنى مەھكەم بېسىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇر ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە دەررۇ جاڭجۈن (باسقاق) تەيىن قىلدى. 1762ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، سانغۇن مىڭرىي تۇنجى ئىلى جاڭجۈنلىكىگە تەيىنلەندى ۋە چيەنلۇڭ خان بۇ يەرنىڭ ھەممە ئىختىيارىنى ئاشۇ جاڭجۈنگە تاپشۇردى. جاڭجۈن ئىلى دەرياسى بويىغا كونا كۈرە (خۈيۈەن) ناملىق ئۆزىگە مەخسۇس قورغان سالدۇردى ھەمدە غۇلجىغا يېقىن باياندااي دېگەن يەرگە يەنە بىر «خۈي ئەن چىڭ» ناملىق بىر قورغانلىق شەھەر سالدۇرۇپ، مانجۇرلارنى ئولتۇرغۇزدى.

چيەنلۇڭ خاننىڭ 28ـ يىلى ئىلىنىڭ باشلىقى جاڭجۈن ئۆز ھوقۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەمدە ھۆكۈمەتنى يۆلەش يۈزىسىدىن مانجۇرلار ئۇدۇمىغا مەنسۇپ شەرقىي شىمالدىكى لياۋنىڭ، خىلوڭجياڭ، جىلىن ئۆلكىلىرىدىن مانجۇرلاردىن ئەسكەرلىك ئۈچۈن 8000 نەپەر، سولۇنـداغۇرلاردىن 1000 نەپەر، شىۋەلەردىن 1000 نەپەر، چاخارلاردىن 1000 نەپەر، ئۆلۈت (موڭغۇللار)دىن 1000 نەپەر بولۇپ بەش مىللەتتىن جەمئىي 12000 نەپەر ئەسكەر ئالدۇردى. (ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي كۆچۈپ كەلگەنلەر بۇ ھېسابقا كىرمەيدۇ).

ئىلىغا ئەسكەر بولۇپ چىققان سولۇن، داغۇر، شىۋەلەر دەۋر سورلاۋاتقان مانجۇر سۇلالىسىنىڭ چىڭ يۆلىگى ھەم ئۇنىڭ تەختىگە ساداقەتمەن خەلقلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا سۇلۇنلار تاشكۆۋرۈك غولىنىڭ غەربىدىكى تۇرگۇن، بورجوجىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىۋەلەردىن 4045 جانىنى يىغىۋېلىپ، كۆتەك ھارۋىلار بىلەن 1756 ـ يىلى ئۈچ يىلغىچە ھۆكۈمەت تەمىنلىشى بىلەن ئىلىغا يەتكۈزۈپ كەلدى. بۇلارغا ئىلىنىڭ سول ياقىسىدىكى مۇنبەت ھوسۇللۇق يەرلەرگە سەككىز سۇمۇل سالدۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى.

موڭغۇللار بولسا بۇرۇندىن ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئارۇن سۇمۇل (ئون سۇمۇل) دا بار ئىدى. دوربىن سۇمۇل (تۆرت سۇمۇل) يەنى «شىنبىر»لار بولسا، موڭغۇللارنىڭ تارىخىدا مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ: «بىر موڭغۇل موللىسى ئىلى ئەتراپىنى ئايلىنىپ شاگىرت يىغىدۇ. ئۇ توققۇزتارانىڭ شارغۇجا تەرىپىگە ئۆتكەندە ئۆلگەنلىكتىن «شىبىر» (شاگىرت، ئوقۇغۇچى)» دەپ ئاتالغان. زۇرغان سۇمۇل (يەتتە سۇمۇل) موڭغۇللىرى بولسا، رۇسىيە ، ئالمۇتا تەرەپلەردىن كەلگەنلەر ئىدى.

سولۇن، شىۋە، چاخار ۋە ئۆلۈت موڭغۇللىرىدىن تەركىب تاپقان مىللەتكە لەندىي (سى ئامبات ۋە يەنە كامىسكا) مەنسەپلىرى بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى. مانجۇرلارنى قوشقاندا بۇ بەش مىللەتنىڭ ئۇمۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، كېيىنىرەك ئۇستى ـ ئۇستىگە كېلىپ 57 مىڭ جانغا يەتكەنىدى. يۇقىرىقى تائىپىلارنىڭ ھەممىسى چېرىك ھېسابىدا كەلگەنلىكتىن دۆلەتنىڭ سېلىق، ئالۋاڭ ـ ياساقلىرىدىن خالىي بولۇپ، بۇلارنى تويدۇرۇش، كىيىندۇرۇشمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇستىدە ئىدى. مانجۇرلار دۆلەتنىڭ مۇنتىزىم ئەسكىرى ھېسابلىنىپ، سولۇن، چاخار، شىۋە، موڭغۇللاردىن دائىم قوشۇمچە چېرىك ئېلىنىپ تۇراتتى. چېرىكلەرنىڭ باشلىقلىرى تامامەن مانجۇرلاردىن قويۇلاتتى. سولۇن، شىۋە، چاخار ۋە موڭغۇللاردىن چېرىك ئېلىشنىڭ سەۋەبى رۇسىيە چېگراسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىدى. قورۇل (قاراۋۇل)لارنى ساقلاش ئىشى چېرىكلەرگە يۈكلەنگەن ئىدى. پۈتۈن ئىلى

www.uyghurkitap.com

ۋىلايىتىدىن تارتىپ، نارىنقول، سومبە ۋە چوچەك چېگاراسىغىچە 42 يەردە قورۇل بولۇپ، 33 دانە چېگرا بەلگە تېشى بار ئىدى. ھەربىر تائىپەنىڭ قاراۋۇلغا بىردىن زالۇڭ ۋە ھەربىر قاراۋۇلغا بىردىن غالداي، بىردىن مۇئاۋىن غالداي ۋە سەككىز نەپەردىن چېرىك قويۇلغانىدى. ھەربىر تائىپەنىڭ قاراۋۇل باشلىقلىرىنى چارلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس بىر تەكشۈرگۈچى تەيىنلەنگەن بولۇپ، تەكشۈرگۈچىلەرگە سى ئامبال مەسئۇل ئىدى. شۇ مەزگىللەردە قۇرۇلغان قورۇل (قاراۋۇل) ۋە رۇسىيە بىلەن 1883 - يىلى بۆلۈنگەن چېگرالار تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

موڭغۇللارغا ساقلاش ئۈچۈن بېرىلگەن چېگارا نارىنقولدىن سومبە ۋە چاپچال خونخاي مازىرىغىچە بولۇپ، بۇ يەردە 12 قاراۋۇل 17 تاش بەلگە بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىسىملىرى موڭغۇلچە بولۇپ، 1 - نارىنقول، 2 - قاراسون، 3 - ماخاتۇلغا، 4 - ئىلىكسون، 5 - جىغان ئوسۇن، 6 - دابان، 7 - قاپىيىڭ، 8 - جىغان ئىلىك، 9 - بورۇچكا، 10 - ماكىچى، 11 - ئەنگىرتى، 12 - خونخاي مازار دەپ ئاتىلاتتى.

شۇلەرگە خونخاي مازارىدىن ئىلى دەرياسىغىچە يەتتە قورۇل، سەككىز بەلگە تاش تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇلار: 1 - خونخاي مازار، 2 - تىكىلىخان، 3 - دولاتۇ، 4 - ياغاچ قورۇل، 5 - تاشلانغان قورۇل، 6 - جىيەك، 7 - توخۇ قورالاردىن ئىبارەت ئىدى.

سولۇنلارغا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىن قورغاس غولىنىڭ بېشىغىچە توققۇز قورۇل تەقسىم قىلىنغانىدى. چاخارلار قورغاس غولىنىڭ بېشىدىن چوچەك چېگاراسىغىچە بولغان 15 قورۇل ۋە سەككىز بەلگە تاشنى باقاتتى.

چېگارا بەلگە تاشلىرىغا نومۇر قويۇلغان بولۇپ، بەلگە تاشلارنىڭ ئارىلىقى غۇلاچ ئۆلچىمى بىلەن ھېسابلىناتتى. موڭغۇلكۆرە سومدىن مازارغىچە 12 قورۇل بولۇپ خونخاي مازاردىن تىكىلىخان قورۇلۇغىچە چېگارا بەلگە تېشى بولمىغاچقا ئۆزۈنلۇقى ئۆلچەنمىگەن.

چىن مەمۇرلىرى ئىلىدا سېپىللارنى سوقتۇرۇپ، ئىچىگە شەھەر قۇرۇپ، ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، سۇ چىقىرىپ زىرائەت ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مىڭلىغان

ئەمگەك كۆچىگە ئېھتىياجلىق ئىدى. مەزكۇر مانجۇر، سولۇن، چاخار، شىۋە ۋە موڭغۇل تائىپىلىرى پەقەت چېرىكلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەچكە باشقا ئىشلارغا پايدىسى يوق ئىدى. ئۇلارنى بېقىش ئىشمۇ ھۆكۈمەت زىممىسىدا بولغاچقا بۇ ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىلىنى بىر ۋىلايەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەمچى ئۇيغۇرلار مۇتلەق زۆرۈر بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىيە نلۇڭ خان ئىمىنبەگ نامىغا ئالتىشەھەردىن دېھقانلارنى ئىلىغا كۆچۈپ چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

ئىمىنبەگ ئوغلى مۇساگۇڭنى 1779 ـ يىلى ئالتىشەھەرگە ئەۋەتىپ قەشقەر، يەكەن ، دولان، ئاقسۇ، خوتەن، كۇچا، تۇرپان ۋە كىرىيەلەردىن 6000 ئۆيلۈك (ئائىلىسى بار، بويتاق ئەمەس) دېھقاننى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقتى . بۇلارغا مەركىزى شەھەر قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئورنى بېرىلىپ غۇلجا شەھىرى بىنا قىلىنغانىدى.

ھۆكۈمەت ئىلىغا كۆچۈپ چىققانلارغا ئۆي، تۇتۇن بېشىغا بىر يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈك، بىر قوش كالىسى، 12 سەر كۈمۈش قاتارلىقلارنى قەرز ھېسابىغا بەردى.

كۆچمەنلەر ئىلىغا چىققاندا 40 مىڭدىن ئارتۇق مانجۇر تائىپىلىرى ۋە تاغ ئەتراپلىرىدا يۈرگەن ئۇيغۇرلار، قىرغىز ئاتلىق قازاقلار ھەم بىر ئاز موڭغۇللار بار ئىدى. مەزكۇر مانجۇر تائىپىلىرى يەنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشى ئىلىغا كۆچۈرۈلۈپ چىققان ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرىي يۈكلەندى. بۇ 6000 ئائىلە ئۇيغۇرلار مانجۇرلارنىڭ دېھقان ھەم قۇلى ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئالۋاڭچىسى بولۇپ قالدى. بۇلارغىمۇ قورغاسقا تۇغلۇق تۆمۈر ۋاقتىدا ئالتىشەھەردىن ئېلىپ چىققان 100 ئۆيلۈك دېھقاننى ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىنى ئاتىماي، مالاي يەنى قۇللۇق مەنىسىنى بېرىدىغان «تارانچى» نامى قويۇلدى.

خىتايلارغا كەلسەك ئۇيغۇرىستان دېگەن تەييار نامىنى ئىشلەتمەي، «شىنجاڭ» (يېڭى يەر) دەپ ئاتايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى دۇنياغا مەشھۇر «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى ئاتىماي «چەنتۇ» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىسىم قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا يوّگىگەنلىكىنى كەمسىندۇرۇپ ئاتىدى. خەنزۇلارنىڭ «خىتاي» دېگەن نامىغا كەلسەك بۇ ئەزەلدىن دۇنيا خەلقى ئاتايدىغان ئورتاق نامدۇر. ئەينى زامانلاردا خەنزۇلارغا ئۇزۇن قارا چاپان كىيىش ئادەت بولغانلىقتىن ئۇلارنى «خىئىدايى» (ئۇزۇن قارا چاپانلىقلار) دېگەن مەنىدە نەچچە مىڭلىغان يىللار بويان شۇنداق ئاتىلىپ كەلگەن نام ئىدى. مانجۇر هوّكۇمىتى ئىلىغا چىققان ئۇيغۇرلارغا هاكىمبەگ بىلەن مۇساگوّكنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. مۇسا ئەسلى تورپانلىق بولۇپ، مەنسەپ تەگكەندىن كېيىن ئىنىسى ئورانزىپ باشلىق 20 ئائىلىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ، چۇلۇقاي يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرغاندى ۋە ئۇلارنى «ئۇششاق» ئوّزى شاخ (ئەركىبىن) دەپ ئاتىغانىدى.

ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىدارچىلىق ئىشى هاكىمبەگ بىلەن زوڭدۇدىن ئىبارەت ئاتاقلىق ئىككى هوّكۇمەت مەمۇرىيىتىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلدى. هاكىمبەگ سىلىق يىغىش، ئالۋان-ياساق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇتالىئە (شەرىئەت) ئىجراسىگە بېقىنىش، مۇپتى، قازى، ئەلەمگە ئوخشاش دىني باشلىقلارنى تەيىنلەش، قىسقىسى مۇسۇلمانلارغا ئائىت ئىشلارنىڭ ئىجراسىگە مەسئۇل ئىدى. زوڭدۇ دارىنلار ئىلىنىڭ باسقاق جاڭجۇنى چۇشۇرگەن هوّكۇم-پەرمانلارنى هاكىمبەگكە يەتكۇزۇپ، بۇ پەرمانلارنىڭ ئەمەلىيلەشكەن-ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى ئوّزى نازارەت قىلىپ تەكشۇرۇشكە مەسئۇل ئىدى.

هاكىمبەگلەر خىزمەت ھەققىگە چيەنلۇڭ خاندىن ئاغچىسى بىلەن بىرلىكتە يىللىق ھەققى ئۇچۇن 1578 سەر ئاق كۇمۇش ئالاتتى. مەركۇر كۇمۇشنى هەر ئايغا بوّلگەندە هاكىمبەگ 144.5سەر، ئاغچا 17سەر كۇمۇش ئالاتتى. بۇنىڭ سىرتىدا 12 ئون يەر (بىر ئون يەر 12 كىشلىك بولۇپ، بىر كىشلىك يەر 10 موغا تەڭ ئىدى) يەنى جەمئىي 8640 مو يەر ئالاتتى.

ئىشىك ئاغابەگ مۇئاۋىن هاكىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاغچىسى بىلەن يىلىغا 448 سەر ئاق كۇمۇش مائاش ئۇچۇن بېرىلىپ، هەر ئايغا بوّلگەندە 23.5سەرلا ئاغچىسى ئۇچۇن 4 سەردىن بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا 7 ئون يەر

ئالاتتى. ھەمدە پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقى بۆلارنىڭ ئىختىيارىدا بولغاچقا خەلقتىن خالىغانچە نەپقە ئالاتتى.

ھاكىمبەگنى نەسىپ گېنېرال قىلىش خاننىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئىلىدا ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت غۇلجا، قاش، نىلقا، بايتوقاي، تاشئۆستەڭ، بوربۇسۇن، قاينۇق، خونخاي، دادامتۇ، توققۇزتارا، ئاربۇز، سەن داۋان قاتارلىق 13 ئۆستەڭگە بۆلىپ، ھەر ئۆستەڭنى بىر نەچچە يۈزگە، ھەر يۈزنى ئەللىككە، ئەللىكنى ئونغا بۆلگەنىدى.

مانجۇر ھۆكۈمىتى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرغانىدى:

قاينۇققا 600، قاشقا 500، بوربۇسۇنغا 1100، جىرغىلاڭغا 900، تاش داۋان، توققۇزتاراغا 400، بايتوقايغا 600، خونخايغا 800، دادامتۇغا 500، ئارئۆستەڭگە 600 ئائىلە بولۇپ، جەمئىي 6000 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ ئۆستەڭلەرنى ئىدارە قىلىشقا ھاكىمبەگدىن كېيىن ئىشىك ئاغابەگ ۋە باشقا ئۇششاق بەگلەر بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر نەپەر ھاكىمبەگ بىر نەپەر ئىشىك ئاغابەگ، ئىككى نەپەر خەزىنىچى بەگ، بىر نەپەر پاششاپ بەگ، 10 نەپەر مىڭبېگى، 80 نەپەر يۈز بېگى قاتارلىق بەگلىرى بولۇپ 115 نەپەرگە يېتەتتى. كونا بەگ بالىلىرىغا 5 ـ جۇڭزى دېگەن ئاتاق بېرىلگەنىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى بەگلىرىدىن باشقا ئەللىك بېشى، ئون بېشى، كۆك بېشى دېگەن تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلىرىمۇ بار ئىدى.

ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا دائىم خىزمەت قىلىپ تۇرغان 2 نەپەر ياساۋۇل، 8 پۈتۈكچى، 8 دورغا، 2 نەپەر ئوردا بېگى، 20 نەپەر نۆكەر بار ئىدى. ئىشىك ئاغابەگنىڭ خىزمەتچىلىرى يۇقىرىقىلارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى ھەمدە ئوردىدا يەنە 20 نەپەر ناغرىچى پىرقىسى بولۇپ، بۆلارنىڭ ھېچقايسىسى ئالۋان ـ ياساق تۆلىمەيتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرى پۈتۈنلەي خەلقتىن قوشۇپ ئېلىناتتى. ھاكىمبەگنىڭ يالغۇز ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن غولنىڭ سۇيىگە ۋە تېرىلغۇ يېرىگە ئېلىق ـ سېلىق تۆلىمەيتتى. ھاكىمبەگنىڭ دېھقانچىلىق ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

كاشقا لازىمەتلىك ئىشلىرىنى قىلىدىغان يۈز يانچىسى (مالىيى)، ئىشىك ئاغابەگىنىڭ يۈز يانچىسى، خەزىنىچى بەگ ھەم شاڭ بېگىلەرنىڭمۇ ھەر بىرىنىڭ 25تىن مالاي ـ يانچىلىرى، يۈز بەگلەرنىڭ ئۈچتىن يانچىسى بار ئىدى. بۇ يانچىلار قۇتۇلماس قۇللار ئىدى. خەزىنىچى ھەم شاڭ بەگلەرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق يەر ـ سۇلىرى بار ئىدى.

بۇ ئىشلار يۈز يىلدىن ئوشۇق داۋام قىلىپ كەلدى. مانجۇرلار بېكىتىپ قويغان بۇ ئادەت كېيىنكى يىللاردا خەنزۇ، مانجۇرلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا بۇرۇنراق يوقالدى. موڭغۇللاردا بولسا بۇ ئادەت «مۇشقا» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتى جۇڭخوا مىنگودىمۇ يوقالماي، ئاخىرى 1933 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىنلا تامام يوقالدى.

ھەر ئۈچ يىلدا بېيجىڭغا بېرىپ، خانغا كۆرۈنۈش قىلىدىغان قانۇن بويىچە مۇساگۇڭ بېيجىڭغا بېرىپ خانغا كۆرۈنگەندە خان ئۇنىڭدىن نېمە تەلىپىڭ بار دەپ سورىغان ئىكەن، مۇساگۇڭ خانغا ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ:

1. ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئۇيغۇرلارغا بەرسە؛
2. ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جامائەسى (مەدرىسى) يوق؛
3. ئۇيغۇرلاردا دىنىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان چوڭ ئاخۇن يوق.

خان ئۇنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ ، قوبۇل قىلغانىكەن. ئاخىرى ئىلىدىكى كونا يامۇل ئورنىنى ھاكىمبەگكە، شەنگەن يامۇل ئورنىنى ئىشىك ئاغابەگكە بېرىپ تەلىپىنى ئورۇنلىدى. ئاخۇنۇم ئۈچۈن تورپانغا گوڭسى يېزىپ، شاھ ھەسەن، ئەلەم ئاخۇن، نامزات كېرىمنى ئەلەم ئاخۇنلۇققا ئەكەلدۈرۈپ بەردى. مەدرىس ئۈچۈن خان كۆپ مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ ياساپ بەرگەن مەدرىسە ھازىرقى شەھەر ئىچىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىدۇر. ئىلىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى كۆرۈپ ئوڭاي پۇل تاپقان خىتاي سودىگەرلىرى ئىلى ئۆلكىسىگە كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. تەبىئىي بۇ يېڭى مېھمانلارنى تەمىنلەش ۋە ئۆتكەنكى ئۇرۇشلاردا خاراب بولغان ۋىلايەتنى قايتىدىن تۈزەش، يېڭى شەھەرلەرنى سېلىش مۇشكۇل ئىش ئىدى. ئىلى ھېسابسىز باي ۋە

ئىشلەنمىگەن ـ ئېچىلمىغان بىر خەزىنە بولغاچقا مۇشۇ خام تەبىئەتنى ئىشلەپ ھۆكۈمەت سىلىقلىرىنى تاپشۇرماق ئۇيغۇر كەمبەغەللىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىر بالا ئىدى. ئاما بۇنىڭغا ئەمگەك كۈچى ئازلىق قىلغانلىقتىن ھۆكۈمەت توققۇزتارادىكى تاشتۆپە ئۆستىڭىنى چېپىش ئۈچۈن ئالتىشەھەردىن يەنە 1000 ئۆيلۈكنى كۆچۈرۈپ كەلدى. داۋان ئۆستىڭىنى چاپتۇرۇش ئۈچۈن 500 ئۆيلۈك، ئاربۇز ئۆستىڭىنى چاپتۇرۇش ئۈچۈن 500 ئۆيلۈك بولۇپ، جەمئىيسى ئۈچ قېتىمدا 2000 ئۆيلۈكنى كۆچىرىپ كەلدى. ئاۋۋالقى كۆچۈپ چىققان 6000 ئۆيلۈكنى قوشقاندا ئالتىشەھەردىن ئىلىغا كۆچىرىلىپ چىققانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 8000 ئائىلە بولۇپ قالدى. «ئىلى سەككىزمىڭ» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك. شۇ ۋاقىتلاردا ئىلى ۋىلايىتىدىكى خىتاي ئاھالىسىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ 1862 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران 1000 نەپەرگە يەتكەنىدى. ئىلىغا ئۇيغۇرلار كەلگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق راۋاجلىنىپ، خېلى مەمۇرچىلىق باشلانغانىدى. بۇ يەردە 122 يىل ھاكىمىيەت تۇتۇپ دەۋران سۈرگەن جۇڭغارىيە ھۆكۈمىتى مۇنقەرز بولۇپ تۈگەشكەنىدى. مانجۇر ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا بولسا بۇ ئۆلكىدە ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىپ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگۈچى بولمىغانلىقتىن (جۇڭغارىيە باشقا مىللەتلەر بولۇپ، بىر يېرىم مىليون ئادەمدىن ئايرىلغان) ئىلىنى كۆكەرتىپ 300 ـ 400 مىڭدىن ئوشۇق خەلقنى بېقىپ ئالۋان ـ ياساقلارنى تۆلەش ئاشۇ 8000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىنىمىزنى مانجۇر ھۆكۈمىتى ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن بۇيان بىر ئەسىر تىنچ ياشىغان بولسىمۇ ئاما بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ تارتمىغان ئازابى، كۆرمىگەن كۈنى قالمىغانىدى. ئۇيغۇرلار ئىلىغا كەلگەندە ناھايىتى كەمبەغەل ئىدى. ئاز ۋاقىتلاردىن كېيىن بۇ ئەمگەكچان تىرىشچان خەلق تېزدىن كۆتۈرۈلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن مانجۇرلار قانۇنلۇق ئالىدىغان ھوسۇللارنىڭ سېلىقىنى تۈرلۈك باھانە سەۋەبلەر بىلەن ئۆستىرىۋەردى. ئاخىرى بۇ ئالۋان ـ سىلىقلارنىڭ كاساپىتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يەيدىغانغا ئوزۇقلۇق ئاشلىقلىرىمۇ قالماي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى لادىرىسى
www.uyghurkitap.com

قالدىن كەتتى. سىلىقنى ۋاقتىدا تولەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرمۇ بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن تۇرمۇشى يەنىلا ئازراقلا ياخشىلىنىپ قالسا مۇستەبىت مانجۇر ھۆكۈمىتى سىلىقنى كۆپەيتىپ، يەنە ئىلگىرىكى ھالغا كەلتۈرۈپ قوياتتى، چۈنكى بۇ ئەمگەكچى خەلقنى باي تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. بۇ بوزەك قۇللار دۇنياسى يالغۇز ئالۋان-ياساقنى تۆلەش بىلەنلا تىنچ بولمىدى. پۈتۈن ئېلى ئەتراپىدا ئەڭ ياخشى ئۆستەڭلەرنى چېپىش، سىپىل سوقۇش ئالۋاڭلىرى تا جۇڭغۇا مىنگوغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ دەلىلى شۇ ۋاقىتلاردا خەلق توقۇغان قوشاقلاردا ئىزھار قىلىنغانىدى.

## قوشاقلار

ئاق ئۆستەڭنى چاپسۇن دەپ جاڭجۇندىن چىقىپتۇ خەت،
بۇيرۇقنى ئېلىپ كەلدى توڭچى بەگ دېگەن ئەھمەد.
مىڭ بېشى يۈز ئۇيغۇرنى ئاق ئۆستەڭگە ئىشلەتتى،
بۇ ماكان زالىملارغا تاقەت قىلالماي زار يىغلاشتى.
ئۆستەڭ بېشىغا بىرىپ يەرنى چەم بۆلۈپ بەردى،
جانلارنى چىرىتىۋەتتى ئالۋان- سىلىقلارنىڭ دەردى.
ئۇۋقەت قىلالماي خەلق كېچە- كۈندۈز چاپتى ئۆستەڭنى،
خوتۇنلار ئەرلەرنى كۆرمەي بىر- بىرى بىلەن مۇڭداشتى.
بىردەم چاپمىسا كەتمەن ئۇرۇپ ھېچ تۇرغىلى قويماس،
تومۇزدا چىدىماي ياخشىلار يارا باشنى تاتلاشتى.
ئۇرار خەلقنى ئىلدام بول، ئىلدام چاپ بىكار تۇرما،
دېمىنى ئالغىلى قويماس ئۇرۇپ خەلقنى قوغلاشتى.
ئۆستەڭ چاپمىغان خەقنى دالۇيە ئۇرۇپ يانچار،
قامچىغا چىدىماي خەلق ئۆستەڭنى ياقىلاشتى.
شۇنچە ئىشلىسەك بىزگە بېرىدىغىنى دەشنەم،
قولمىزدىن نىمە كەلسۇن كۆزدىن كەتمەيدۇ ياش- نەم.

بۇ ئۆستەڭ بىر بالا بولدى كەچ كۈز بولدى قويمايدۇ،
ئوقەت قىلىش نەدىكىنى باللار بىزگە تويمايدۇ.

ۋاڭ خۇلۇ، ئۆستەڭ چىپىشتەك ئىغىر ئالۋان ـ سېلىقلاردىن باشقا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان ئالۋانلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن: كۈرە سېپىلى دۇشمەندىن قورقۇپ، ئىلى دەرياسى بويىغا سىلىنغاچقا كەلكۈن كەلگەن ۋاقىتلاردا دەريا سۈيى يارنى بۇزۇپ قورغاننى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا سېپىلنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن ياز بويى نەچچە مىڭ ئىشلەمچى دەرياغا توسما ياساش ئۈچۈن ئالۋاڭغا ئىشلەيتتى. بىراق دەريانىڭ دولقۇنلىرى بۇ توسمىلارنى بۇزۇپ كېتەتتى ۋە نۇرغۇن كىشى بۇ ئالۋاڭ ۋاقتىدا سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلەتتى. قاچان سۇ دولقۇنى پەسىيىپ كەتكىچە ياكى بەزى ۋاقىتلاردا كۈزگىچە ئىشلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقتى زايە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق تىرىكچىلىكىدىن مەھرۇم بولاتتى. بۇ يەردە شۇ ۋاقىتلاردا ئىلى خەلقىنىڭ ۋاڭ خۇلۇنىڭ دەرد ئەلىمىگە چىدىماي ۋىجدانلىرى قايناپ ئېيتقان قوشاقلىرىدىن يىققانلىرىمىزنى بايان قىلىمىز:

ۋاڭ خۇلۇ بالا بولدى، مانجۇرلار ئەجدىھا بولدى،
سېپىلنى بۇزمىسۇن سورە دەرياغا چوشقىلار دەپ.
كېچە كۈندۈز يىگىتلەرنى مۇشۇ دەرياغا ئىشلەتتى.
قېچىپ كەتكەن خالايىقنىڭ كەينىدىن بىر تىۋە خەت.
قېچىپ كەتكەن يىگىتلەرنىڭ قول ـ پۇتىنى باغلاتتى.
رەھىم قىلمىدى جاڭجۇن پۇخرالارنىڭ جېنىغا،
ساماندەك سارغىيىپ كەتتى پىشماي تۇرۇپ ئۆز ۋايىغا،
ئۇيغۇر ئىشلىدى دائىم ۋاڭ خولۇنىڭ يولىدا
چىدىيالماي ئازابقا خۇداغا زار يىغلاشتى.
شىخىل ـ تاش پاخال ـ شاخنى دەرياغا كۆتۆرۈپ باستى،
ئۆينى ياد ئېتىپ باللار كېچىلەپ يۇرتىغا قاچتى.
قېچىپ كەتكەن كىشى كىم كىمدىبان يۇرتنى ئاخلاشتى.
ئۇلارنى لويىغا بېرىپ ئۇردوروپ ئەقلىدىن ئازدۇردى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قۇتۇلارمىزمۇ بۇنىڭدىن دېگەن ئاۋازلار ياڭراتتى.
پۈتۈن ياز بويى ۋاڭخۇلۇ دېگەن ئالۋان چىرماشتى،
مانجۇرلار زۇلمىنى ئېشتىپ ئۇيغۇر زار قاخشاشتى.

بۇنىڭدىن باشقا مەشھۇر ئالۋاڭلارنىڭ بىرى ـ ئاق ئۆستەڭدۇر. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى كۆرەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆستەڭ ئاق ئۆستەڭنى چېپىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ناھايىتى نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن ئىدى. بۇ ئۆستەڭلەردىن باشقا مىس كانى، كۆمۈر كانى ۋە تۆمۈر كانلىرىغا نەچچە يۈز كىشى ئالۋاڭغا ئىشلەيتتى. بۇ توغۇرلۇق چىققان ھەسرەتلىك قوشاقلاردا مۇنداق ئېيتىلغان ئىدى:

مىس كان دېگەن يەردە كۈندە ئۈچ تام سوقىمىز،
قېچىپ كېتەيلى دېسەك قورقىمىز.
ئاخشىمى ياتار چاغدا سالىدىغان كىگىز قېنى،
بۇ جانغا ئۆتۈپ كەتتي مانجۇرلارنىڭ مىسكانى.
بۇنىڭدىن باشقا مانجۇرلار ئۇيغۇرلارنى ياز بويى،
باغ ئارامىلىرىغا ئالۋان ئورنىدا ئىشلىتەتتى.
مانجۇرلار باققا ئىشلەتتى نەچچە يۈز مۇسۇلماننى،
ئۇرۇپ ئىشلەتسە سوراق يوق بۇ پاراغۇلمانى.
مانجۇرلارنىڭ ئالۋىنى ئۆزلىرىنى راسا ياشارتتى،
خارارىن بىلەن رىچەك خەلقنى ئۇردى ـ قاخشاتتى.
چىدىيالماي كاپىرلار زۇلمىغا ھوكۈرەپ،
تاشلاپ قاچتى باللىرىنى ئالدىغا دۈكرەپ.
مانجۇرلارنىڭ زۇلمىنى ئېيتاي مىڭدىن بىرىنى خىللاپ .
ناخشىغا قوشۇپ ئېتاي راسا قاملاشتۇرۇپ تىللاپ.

دەپ خەلقلەر ئالۋاڭ سەيسلەرنىڭ دەستىدىن زارلىنىشتى. باشقا چارە تاپالماي قوشاق قوشۇپ بولسىمۇ زالىملارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى.

دۆلەت ۋە مەنسەپ ئورۇنلىرى مانجۇرلارنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن ئۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاتتىق ئېزەتتى. مانجۇر مەنسەپدارلىرى ناھايىتى پارىخور بولۇپ ھەرقانداق ئىش پارىسىز ۋۇجۇدقا چىقمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى غوجىلار، ئاق سۆڭەكلەر ھېسابلاپ باشقىلارنى ھايۋان قاتارىدا كۆرەتتى. ئەگەر يولدا بىرەر مەنسەپدار مانجۇر ئۇچراپ قالسا ئۇنىڭغا باش ئېگىپ تازىم قىلىش پۇخرانىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى .

مانجۇرلار چىرايلىق قىز ـ چوكانلارنىڭ نومۇسىغا تېگىپ، قەستەن زورلۇق بىلەن ئىش چىقىراتتى. پۇقرالارنىڭ قارشى چىقىشى مۇمكىن بولمايلا قالماي بەلكى خالىس سۆزلىگەنلەرمو تاياقتا ئۆلەتتى. مانجۇرلار خەلقنىڭ ئۆرپە ـ ئادەتلىرىنى ۋە دىنى ئىشلىرىنى ھېچبىر ئېتىبارغا ئالمايتتى. يېقىنقى ۋاقىتلارغا قەدەر يەنى جۇڭخۇا مىنگوغىچە ئۇيغۇر، قازاق مىخباشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ھەر يىلى چاغاندا جاڭجۇن باشلىق پۈتۈن مەمۇرى خىزمەتچىلەر بىللە سەھەردە تۇرۇپ بۇتخانىغا بېرىپ بۇتلارغا باش قوياتتىكەن. بارلىق مۇسۇلمان مەنسەپدارلارنىڭ بۇتخانىغا بېرىشتىن ئايرىلىپ قېلىشى زور جىنايەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلار پەقەت دېھقانچىلىقتا مەسئۇل، ئەگەر بىرەر كىشى شەھەردىن چىقىپ تىرىكچىلىك قىلسا ھۆكۈمەتكە تۇتۇن بېشىغا 12 خو يەنى 48 پۇت بوغداي تۆلەيتتى. مانجۇر ھۆكۈمىتى دېھقانلار مەيلى ھوسۇل ئالسۇن ـ ئالمىسۇن ئوخشاشلا بەلگىلەنگەن بۇ سېلىقنى ئالىۋىرەتتى. دېھقانلار بىرەر يىل سېلىقنى بېرەلمەي قالسا بىرگە ـ بىر قوشۇپ تولەيتتى. بۇ مانجۇرلار قانۇنى ئىدى. دېمەك ئىلى ئۇيغۇرلىرى مانجۇرلار دەۋرىدە بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ توغرىلىق خەلقنىڭ تۆۋەندىكى قوشاقلىرى دەلىل بولالايدۇ:

يەپ تويماي ئۇيغۇرنى دالوي بىلەن جاڭجۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جانلارنى قىينىۋەتتى توڭچىلارنىڭ زەردىسى.
تارتىپ ئالدى ئۇيغۇردىن مانجۇر ئات ھەم كالىنى.
ئاشلىق ئالغىلى كىشى يوق. خوتۇنلار ئالدى خامانى.
ھاۋادىكى بوزلاچىن كۆرمەي تورغا چۈشەرمۇ
ئادەم ئوغلى باشغا مۇنداق جاپالار چۈشەمدۇ؟
ئاتامنىڭ ھالىنى دەيمۇ ئۆزۈمنىڭ دەردىنى دەيمۇ؟
ئىچمدە دەردىم تولا دەردنى ئېتىپ يىغلايمۇ؟ دەيدۇ
جاھچۇن ئۇيغۇرنىڭ غەزىنىسىنىڭ مىلىنى ئالساق.
ياكى بايدىن جانلىق مال، نامرىتىدىن ئاشلىق ئالساق.
بۇ جاھچۇن بولدى ئەجدىھا ئۇيغۇرلارغا ئوت ئاچتى،
سىلىق تېپىپ بېرەلمەي خەلق پەرزەنتىنى ساتتى.
ئۇيغۇر باللىرىنى تاشلاپ بېشى قايغان ياققا قاچتى.
ھىچ پادىشاھ بۇ قىسمەت پۇقراغا زۇلۇم قىلماس،
ئادالەتنىڭ پۇرۇغى يوق يېتىملار ئىلىغىنى ئاچتى.
ئېيتقىن زامان ئاخىر بولغاندا زۇلۇم ئىنھايىتىغا يەتكەندۇر.
قازان قايناپ تاشقاندەك جاھچۇن ئۆزى يېمەي يول ئاچتى.

دەپ بىچارىلەر كۆز ياشلىرىنى توختىماي تۆكەتتى .

# خىتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالى

مانجۇرلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن بىر ئاز سۆزلەپ ئۆتسەك كېيىنكى سوزلىرىمىز چۈشۈنۈشلۈك بولار. خىتاي بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ سوزلىنىدۇ، ئەمما بۇ تارىخ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. خىتاينىڭ 1840 ـ يىلىدىن تارتىپ يېڭى تارىخى باشلاندى. ئەپيون ئۇرۇشى دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ ھەربى كۈچى بىلەن خىتاينى بۆلۈۋىلىشقا ئۇرۇنغان بىرىنچى قەدىمى XIX ـ ئەسىردىن باشلاندى. ئەجنەبى دەۋلەتلەرنىڭ خىتايغا كىرىشىنى مانجۇر

خانلىرىنىڭ ئەجنەبىلەرنى كىرگۈزمەسلىك سىياستى توسوپ قالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەپيۇن ئۇرۇشى كېلىپ چىقتى. بۇ ئۇرۇش مانجۇرلانىڭ كۈچىنى ۋە چىرىك ھوكۈمەت ئىكەنلىگىنى كورستىپ قالماستىن بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئەجنەبىلەرنىڭ مانجۇرلارنى سىقىشىغا چوڭ يول ئېچىپ بەردى. فىئۇدالىزىم ئاستىدىكى دېھقانچىلىق خوجىلىغى ئەمدى كاپىتالىزىمنىڭ قول ئاستىغا چۈشتى. پۈتۈن خىتاي ئىختىسادى كۈندىن-كۈنگە مۇستەملىكە ئىختىساتقا مىخىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خىتاي يېڭى بىر تارىخى دەۋرگە كىردى. شۇڭا ئەپيون ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى تارىخ «كونا تارىخ»، ئەپيون ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان تارىخ «يېڭى تارىخ» دەپ ئاتىلىدو.

خىتايغا ئەپيوننىڭ كىرىشى تاڭ سۇلالىسىدىن باشلانغان بولۇپ (ئۇ ۋاقىتلاردا خىتايلار ئەپيون چېكەتتى) مانجۇر ھۆكۈمىتى چىيەنلۇڭخان دەۋرىگە كەلگەندە ئىنگىلىسلار ھىندىستان ئارقىلىق خىتايغا كۆپلەپ ئەپيون كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىدو. ئىنگىلىزلار خىتايغا 1829-يىلى 200 ساندۇق، 1730- يىلى 400 ساندوق، 1831-يىلى 18760 ساندۇق، 1832-يىلى 27000 ساندۇق ئەپيون كىرگۈزگەندى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن مانجۇر ئەمەلدارى لىن زەيشۈي ھۆكۈمەتكە: «ئەگەر بىز ئەپيون كىرگۈزۈشنى توسمىساق 40 يىلدىن كېيىن بىرمۇ ئەسكەر ھازىرلىيالمايمىز»، دېگەن تەكلىپنى سۇنۇپ ئەپيوننى چەكلەشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ تەكلىپكە ئاساسەن خان لىن زەيشۈينى گۇۋاڭدوڭغا ئەپيون يوقوتۇشقا باشلىق قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

لىن زەيشۈي گۇۋاڭدونغا بىرىپ قوشۇننى باشلاپ ئەنگىلىيە كونسۇلخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردىن 20283 ساندۇق ئەپيوننى تارتىپ ئېلىپ چىقىپ خۇيمىن دېگەن جايدا كۆيدۈرىۋىتىدو. بۇ 1839-يىلى بولۇپ ئەپيون 4-ئاينىڭ 22-كۈندىن 5-ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە جەمى 23-كۈن ئىچىدە تامام كۆيدۈرۈلۈپ بولىدۇ. لىن زەيشوي پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئەپيوننى ئۈچ كۈن ئىچىدە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش توغۇرلۇق بۇيرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چۈشۈرۈدۇ، شۇنداقلا ئەنگىلىيە سودىگەرلىرىنىڭمۇ خىتايغا ئەپيون ئەكىرىشىنى مەنئى قىلىدۇ.

1840 ـ يىلى ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ خىتايغا ئۇرۇش باشلايدۇ. 1842 ـ يىلى ئۇرۇش توختاپ «نەنجىن توختامى» تۈزىلىدۇ. بۇ تۈزۈلگەن توختام بويىچە خىتاي ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىگە ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن 21 مىليون كۈمۈش پۇلى تۆلەيدىغان بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش خىتاي ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر زىيان سالىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلىشىدۇ. بۇ توختامنىڭ 4 ـ ماددىسىدىكى شەرتلەرگە بىنائەن خىتاي چەتتىن كىرگەن ماللاردىن باج ئېلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەنگىلىيە ۋە فرانسىيە دۆلەتلىرى بىرلىشىپ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە ئۇرۇش باشلايدۇ. مانجۇر ھۆكۈمىتى بۇ قېتىممۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. 1856 ـ 1858 ۋە 1860 ـ يىللىرىمۇ ئامېرىكا ۋە فرانسىيە ھۆكۈمىتى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە زىيانلىق «تيەنجىن شەرتنامىسىنى» تۈزىدۇ. تەبىئىيكى ئەجنەبى دۆلەتلەر بۇ شەرتنامىلار ئارقىلىق مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ پۇت ـ قولىنى قىمىرلىغۇسىز قىلىپ باغلاپ قويىدۇ.

مانجۇر ھۆكۈمىتى ئەجنەبىلەرگە سۆز ئاچقۇسىز بولۇپ قالغاندا خەلق ئىچىدە يۇقارقى كىلىشىملەرگە كۈچلۈك نارازىلىق كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئاخىرى ئەجنەبىلەرنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوزغالىدۇ. (خەلقنىڭ قوزغىلىشى يالغۇز ئەجنەبىلەرگىلا قارشى بولماي، بەلكى چىرىك ھۆكۈمەتنى يوقۇتۇپ ئادىل خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش مەقسىتىدە باشلانغانىدى) شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق بۇ قوزغىلاڭغا «تەيپىڭ تيەنگو» نامىنى بەرگەنىدى.

1850 ـ يىلدىن 1860 ـ يىلغىچە مۇشۇنداق ئىنقىلاپلار تۈپەيلىدىن ئەنگىلىيە يەنە ئۇرۇش باشلاپ بېيجىڭنى بېسىۋالىدۇ. خان شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ ئامالسىز قالغانلىقتىن ئاخىرى ئېغىر شەرتلەرگە رازى بولۇپ كىلىشىم تۈزىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ پۇت ـ قولى تېخىمۇ مەھكەم باغلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا يەنە رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن

غۇلجىدا رۇس كونسۇلى تۇرىدىغان بولدى ۋە 1853 ـ يىلى رۇسىيە بىلەن بولغان چېگرالىرى ئايرىلدى.

يۇقارقى ماجرالار سەۋەبىدىن مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستىدىن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ پارتىلىغاچقا بۇ ئەھۋاللار ھۆكۈمەتنىڭ ھالىنى قويماي دۆلەتنىڭ ئىختىسادى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، غەزىنە تۈگەپ ناھايىتى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ جۈملىدىن مانجۇر ھۆكۈمىتى ئىلىدىكى چېرىكلەرگە تىگىشلىك مۇئاشلىرىنى يەتكۈزۈپ بىرەلمىگەنلىكتىن ئىلى جاڭجۈنى بۇ ئىغىر سىلىقنى دېھقانلار ئۈستىگە سالدى. قانۇن بويىچە ئۆي بىشىغا ئالىدىغان 12 خو سىلىقنى 32 خوغا كۆپەيتتى. (بىر خو: 4 پۇت ـ 64 كىلوگىرام) ئۇنىڭ ئۈستىگە چېرىكلەرگە ئوتۇن ـ ياغاچ، يوتقان ـ كۆرپە، چاي ـ تۇز، گۆش ـ ماي قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشمو دېھقانلارنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

خالزات ھاكىم زامانىسىدىن قالغان ئۆستۈرمە سېلىقلارنى تۆلەش ئاجىز دېھقانلارغا تولىمو ئېغىر ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھىجرىيەنىڭ 70 ـ يىلدىن كېيىن ئىلىدا ناھايىتى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، خەلق بىر نەچچە يىل سېلىقلارنى تۆلەلمىگەندى. بۇ تولەنمىگەن سېلىقلار قانۇن بويىچە بىرگە ـ بىر ئۆسۈپ تۇراتتى. ھىجرىيەنىڭ 75 ـ يىلىدا خالزات ھاكىم دېھقانلاردىن چىققان خانلىق ئاشلىقنى مىليون پۇتقا يېقىن ئۆزى ئىشلىتىپ قۇيغانىدى. بۇ ۋەجىدىن خالزات ھاكىم ئەيىپلىنىپ ئورنىدىن چۈشۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا چۇرۇك ھاكىم بولغانىدى. چۇرۇك ھاكىم زامانىسىدا چىكەتكە ئاپەتى بولۇپ، خەلق تېخىمو ئىغىر كۈنلەرگە قالغانىدى.

چورۇق ھاكىمدىن كېيىن مەزەمزات ھاكىم بولدى. چورۇق ھاكىمنىڭ ئوغلى ئىشىك ئاغا بېگى بولدى. مانا مۇشۇ دەۋىردە يۇقارقى ئۆستۈرمە سېلىقلارنىڭ سىرتىدا 12 خو سېلىققا يەنە 20 خو قوشۇلۇپ 32 خو بولغانىدى. شۇ سەۋەپتىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئائىلە راھىتى پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ پۇخرالار ئەتراپتىكى ناھىيەلەردە تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بىرەر پارچە كىگىزى بولسىمۇ سېلىق يىققۇچىلار بالا ـ چاقىسىنىڭ زار

يىغلىغىنىغا قارىماي تارتىپ ئالاتتى. دېھقانلار كەمبەغەللىكتىن قوشنىڭ بىر يېنىغا ئىشەك بىر يېنىغا ئۆزىنى قوشۇپ يەر تېرەتتى. بىر ئاز ئۇلاققا يېتىشىپ قالسا، قوشۇلغان 20 خونى 40 خوغا كۆپەيتىپ ئالاتتى. بۇ سېلىقلارنى تۆلىمەسلىككە ھېچ ئىلاجى يوق ئىدى. بۇ سېلىقلارنى تۆلەلمىگەن بىچارە دېھقانلارنىڭ جانلىق-جانسىز ماللىرىنى ئېلىشتىن سىرت بالا-چاقىسىنى سېتىپ ئۆزىنى يامۇلغا سولايدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى.

مۇستەبىت مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ زورلۇق-زومبۇلىغى ئالدىدا ھاكىملەر بولسا خەلقنىڭ ھالىغا يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن: «خانغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ، تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك» دەپ خەلقنى باساتتى. ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى بالا-چاقىلىرىنى تاشلاپ تاغ-دەشتىلەرگە يوشۇرۇنۇپ قاچقاندى. ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىپ يولىنى باغلار.
غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىپكە غېرىپ يىغلار.

مۇستەبىت زالىملار بۇ قېچىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۇتۇپ كېلىپ شەھەرگە ئەكىلىپ، باشلىرىنى كېسىپ، دارغا ئېسىپ قويۇپ، پۇخرالارنى قورقۇتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ۋەھشىيانە ھەركەتلەرنىڭ ھېچ قايسى زالىملارغا قىلچىمۇ پايدا بەرمىدى. يەنى زالىملارنىڭ قولىدا ئۆلۈشنى نومۇس بىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كوپىيىپ، مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى ھەر يەردە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاما ئىنقىلاب باشلانغىچە بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ كۆرگەن كۈنى ناھايىتى تەس بولۇپ، سوغ تاغلاردا، ئىسسىق چۆللەردە ئاچلىقتىن كىيىم-كېچەكتىن قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ كوپ بولدى. زالىملارنىڭ قولىغا چۈشكەنلەر بولسا سولاقتا كۆپ يېتىپ، چىرىپ ياكى دارغا ئېسىلىپ، چېپىلىپ تۈگەشتى. ئۇلارنى تەشكىللەپ مۇقىم ئۇيۇشتۇرىدىغان كىشى يوق ئىدى.

# ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىرى

1 . ئىمىن ۋاڭ 2. مۇسا گوڭ 3. ئورانزىپ 4. خالزات ھاكىم 5. مەزەمزات 6. غىياز ھاكىم 7. باباخان غوجا قاتارلىقلار ھاكىم بولغان. مەزەمزات 1864 ـ يىلى ھاكىملىككە ئولتۇرۇپ، 1889 ـ يىلى ۋاپات بولدى. باباخان ھاكىم 1912 ـ يىلى ۋاپات بولدى.

# تۇڭگان ئىنقىلابى

ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغانلار يالغۇز خىتايلار بولۇپ قالماستىن باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئىسلام دىنىدىكى تۇڭگان مىللىتىمۇ قوزغالغان ئىدى. مانجۇر ھۆكۈمىتى بىر نەچچە قېتىملىق قوزغىلىڭنى قانلىق باستۇرغان بولۇپ، «تەيپىن تيەنگو» قوزغىلىڭى ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارغا بىر ئاز كەڭچىلىك بىرىلگەندى، بىراق يۈننەن ئۆلكىسىدىكى تۇڭگانلارنىڭ يەرلىرىنى مانجۇر بايلىرىغا تارتىپ ئېلىپ بېرىشتى. شۇ سەۋەپتىن يەنە قوزغىلاڭ پەيدا بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭغا گۈيجو مۇسۇلمانلىرىمۇ قوشۇلغان ئىدى. دەسلۇۋدە پۇمشكلارغا قارىشى قوزغالغان بۇ ئىنقىلاپ كېڭىيىپ پۈتۈن جەنۇبى خىتايىنى قاپلىدى. 1855 ـ يىلى دۇينشو دېگەن كىشىنىڭ رەھبەرلىگىدە قوزغالغان تۇڭگانلار قوزغىلىڭى كېڭىيىپ 1874 ـ يىلغىچە 19 يىل داۋام قىلدى. ئەڭ ئاخىرى مانجۇر ھۆكۈمىتى 200 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، دۇينشونى ئۆلتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان بولسىمۇ ئىچكىرىدىكى يەرلىك خىتايلار قوللىمىغانلىقتىن مەغلۇپ بولغاندى.

غەربىي ـ شىمال(شەنشى ـ گەنسۇ) ئۆلكىسىدىكى تۇڭگانلارنىڭ قوزغىلىڭى پات ـ پات پەيدا بولۇپ تۇردى. 1862 ـ يىلى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ

جىنەن گۇبېرناتورى گېنېرال يېنشوچىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ «تەيپىن تىيەنگو» غا قارشى تەييارلىق قىلدى. تەيپىن تىيەنگونىڭ ئەسكەرلىرى شىمالغا كەلگەندە تۇڭگان ئەسكەرلىرى قېچىپ كەتتى. ئۇلار شەنشىگە بېرىپ ئەسكەر توپلاپ زەينۇ دېگەن كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەنە قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭ داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا بېسىقتۇرۇلدى.

# ئۇيغۇرلار ئىنقىلاب ئالدىدا

ئىچكىرىدىكى تۇڭگانلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېڭىلىپ قالغانىدى. كېيىن ئىلى جاڭجۇنى مۇسۇلمانلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ خەلقنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر قىيناشقا باشلىدى. 1860 ـ يىلى قارقىرا تەرەپتىن رۇسىيە ئەسكەرلىرى بېسىپ كىرىشكە باشلىغاندا ئابدۇرۇسۇل ئىشىك ئاغا بېگى قول ئاستىدىكى مىڭ پالۋان بىلەن ياندۇرغانىدى. ئىلى تەرەپكە رۇسىيە تەرەپتىن دائىم ۋاھىمە بار ئىدى. شۇڭا مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەر تۈرلۈك ئالامەتلەردىن مەلۇم ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاڭجۇن مەزمەزلەت ھاكىمنى كۆرەگە چاقىرتىپ. تارانچىلاردىن بەشيۈز پالۋان تەييارلاپ بېرىشنى تاپشۇردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر تۈرلۈك تۈشۈك نانلارنى پىشۇرۇپ بېرىشنى ئۇقتۇرغان ئىدى. سىياسى ئىشلاردىن بىخەۋەر مەزمەزلەت ھاكىم جاڭجۇننى بۇرۇنقى ھالىغا كەلتۈرۈشكە ئالدىدى. ئالدىرماسقىمۇ ئىلاجى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزمەزلەت ھاكىم پالۋانلارنى تەييارلاپ، خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كۆرەگە ماڭدى. (جاڭجۇن مەزمەزلەت ھاكىمنىڭ مۇنداق چوڭ خىزمىتىگە قايىل بولغان بولسىمۇ، ئاما ئۇنى «سېلىقنى ئۆستەرمىدىڭ» دەپ كۆرە زىندانىغا سولاپ قويغان ئىدى) .

جاڭجۇن مەرگەنلەرنى (پالۋانلارنى) ئېلىپ كېلىشكە مەزمەزلەت ھاكىمنىڭ ئىشىك ئاغىسى ئابدۇرۇسۇلبەككە بۇيرۇق يازدى. ھەممە ئۇنى

ئۇلارنىڭ (موقىم) ھاكىمى قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. لېكىن ھوكۇمەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇرۇسۇلبەگ تۇرلۇك باھانىلار بىلەن بارمىدى. ئاخىرى پالۋانلارنىمو ئەۋەتمىدى.

ئىلىدىكى مانجۇر ھۆوكۇمەت باشلىقلىرى ئىچكىرىدىكى ۋەقەلەرنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۇرمەي سىر تۇتقان بولسىمو، بىراق مۇسۇلمانلار ھۆكۇمەتنىڭ مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۇچۇن تەپسىلى قارار قىلغانلىقلىرىدىنمو خەۋەردار ئېدى.

**1864** ـ يىلى گەنسۇ تۇڭگانلىرى مانجۇر ھۆكۇمىتىگە قارشى بولۇۋاتقان ئىنقىلاپ ۋە قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ شىن سۇنۇڭ غەربىدىكى تۇڭگانلار بىلەن مەخپى بىرلىشىپ قوزغالدى. ئۇلارنىڭ سياسى، ئەمەلى غايىلىرىدا ھىچ قانداق توقۇنۇش يوق ئېدى. گەنسۇدىكى سالا تۇڭگانلىرى (ئەسلى تۇرۇك) ئىچكىرىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش ھوقوقتا بولۇپ، ھۆكۇمەت ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. ئۇلارمو شۇنىڭغا قارىماي بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقاندى. ھۆكۇمەت زورۇڭتاڭ دېگەن گېنېرالنى ئەۋەتىپ ئاخىرى بۇ قوزغىلاڭنى باستۇردى.

بەي يەنخۇ بىلەن يۇشاۋخو قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىغى ماۋيېنلونى ئولتۇردى ۋە قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا قېچىپ چىقىپ، ئۇرۇمچىدىكى مايىڭدا، گۇچىڭدىكى مايىە دېگەن تۇڭگان باشلىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەنە قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭنى بىسىقتۇرۇش ئۇچۇن مانجۇر ھۆكۇمىتى يەنە زورۇڭتاڭنى ئەۋەتتى. نەتىجىدە مايىڭدا بىر نەچچە مىڭ ئەسكىرى بىلەن تەسلىم بولدى. بەي يەنخو تۇرپانغا قىچىپ چىقىپ، ئالتە شەھەر ئارقىلىق ئەسكەرلىرى بىلەن رۇسىيەگە ئۆتۇپ كەتتى. بۇ قوزغىلاڭ بىسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئىزىلگەن خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىغا تۇتروق بولغاندى. شۇنىڭ ئۇچۇن غۇلجا دائىرىسى ئەتراپىدىكى تۇڭگانلار ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ھوكۇمەتتىن بۇرۇنىراق قوزغىلۇشقا قارار قىلدى. بۇ قارارغا بىنائەن بەلگۇلەنگەن ۋاقىت كېلىشى بىلەن تاجى، ئەردىپو، ساندىخۇزا تۇڭگانلىرى قوزغالدى. لىكىن بۇ قوزغىلاڭغا باشقا تۇڭگانلارنىڭ تەييارلىغى

قولمغانلىقتىنمۇ ياكى قورقانلىقتىنمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشالمىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى ئاز بولغانلىقتىن مانجۇر ئەسكەرلىرى تەرەپتىن باستۇرۇلۇپ، ھەممىسى قاماققا ئېلىندى. خەلققە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن باش كېسىش مەيدانىدا ئۇلارنىڭ باشلىرىنى چاپتى، ئۇلارنىڭ باشلىغى پەنسىيە ۋە بىتەئەملەرنى جاسىدا تونغرىدى. بۇ قانلىق پاجىئەنى كۆرۈپ تۇرغان مۇسۇلمانلار ـ ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلار مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانلىق قىلمىشىنىڭ ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى كېسىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بۇرۇن بىر ـ بىرىگە سىرلىق قاراشقان بولسا ئەندى ئىتتىپاقلىشىپ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇشماقتىن باشقا يولنىڭ قالمىغانلىقىنى تونىغاندى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە غۇلجا شەھىرىدىكى ئاشۇ زاتىپ ئاخۇن، ئىسمائىل ۋە ئايۇپ دېگەن تۇڭگانلارنىڭ مۇتىۋەرلىرى ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىكى: «بىزلەرنىڭ ئەر ـ ئايال ئەۋلادلىرىمىزنى مانجۇر ھۆكۈمىتى قىرىپ قويمىغىدەكمىش، بىزلەر سىزلەر بىلەن دىن قېرىنداش، موشۇ مانجۇر ھۆكۈمىتى بولسىلا بىزنى قىرغىن قىلماي قالمايدۇ. سىزلەر موشۇ قىرغىنچىلىق قىلىشقا قارشى بىرلىكتە تۇرۇپ بىزگە ياردەم بەرسەڭلار، ئاللا تائالا سىزلەرنى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتمەنلەردىن قىلار ئېدى. مۇبادا بىزگە ياردەم بەرمىسەڭلار بۇ ئىش سىزلەرگىمۇ كەلمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە كېلىدۇ. بۇ مۇستەبىت زالىم مانجۇرلارنىڭ قانلىق قىلىچى سىزلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كېلىدۇ» دەپ يىغلاپ يالۋۇردى.

ئابدۇرۇسۇلبەگ «مەن ئاخۇنلىرىمىزدىن سوراپ باقاي، ئۇلار نېمە قىل دېسە شۇنى قىلاي، سىزلەر بۇگۈن قايتىپ ئەتە كېلىڭلار» دېدى. تۇڭگانلار شۇ كېچىسى ئۇخلىماي جەڭ تەييارلىغىنى قىلىپ «ئاللاھغا ئامانەت!» دەپ ياتتى.

ئابدۇرۇسۇلبەگ ھاكىم شۇ كېچىسى قازى نەسرىدىنى چاقىرتىپ، تۇڭگانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى. ئاخۇنۇم جىھات قىلىشنى ئاتلاپ، بۇل ـ بۇلدەك سايراپ: «ئەي، ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، ئاللاھ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىيىتىڭىزگە يەتكۈزسۇن ھەمدە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، پۈتۈن تۇڭگانلارغا ياردەم قىلىپ ئىسلام ئېچىڭ، ئىسلام ئېچىپ خەلىپىلىكنى ئېلىڭ، ساۋاپىڭ ئەڭ ئاخىرى جىھات قىلىشتا، بۇنىڭغا پەتىۋا باردۇر» دەپ دۇئا بېرىپ يەنە ئېيتتىكى: «مانجۇرلارنىڭ زالىملىغى چېكىگە يەتتى. ئەمدى جىھات قىلىش ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ پەرىزىدۇر».

ئەتىسى كۈن چىققاندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇلبەگ جىمى بەگلەرنى ۋە تۇڭگانلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرتىپ، مۇستەبىت زالىم مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىتتىپاقلىشىپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىگىنى ۋە جىھات قىلىشنىڭ ئۇلۇقلىغىنى سۆزلەپ، پۈتۈن ھەممىنى قايىل قىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرىمۇ ئۇرۇشۇشنى مۇۋاپىق دەپ ۋەدە قىلىشتى. ئاندىن ئابدۇرۇسۇلبەگ سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەي تۇڭگان قېرىنداشلار ئۆزۈم باش بولۇپ، تۈمەندىن كۆپرەك ئەسكەرلىرىم بىلەن سىزلەرگە يولداش بولاي، بىراق سىزلەرنىڭ تىلىڭلار تاتلىق ۋە دىننىي بۇزۇشقا دىلىڭلار ئالا، موشۇ پەيلىڭلاردىن بەك قورقىمەن. ئەي، تۇڭگان چوڭلىرى ۋە ئاخۇنۇملار سىزلەرنى بىلىمەن، ۋاپا يوق ۋە بەلكى ۋاپانىڭ ئورنىغا جاپا سالارسىلەرمۇ؟». شۇندىن كېيىن تۇڭگانلار مۇنداق دېدى: «بىزلەر سۆز بېرىمىز. سۆزىمىزگە تۇرۇمىز. قەسەم ئاللاھقا بولسۇنكى مانجۇرلارنى يېڭىپ ئازاد بولغاندىن كېيىنكى دەۋرىدىن سىزنى ھىمايەتچىمىز دەپ تونۇپ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلدۇق. ئەگەر بۇ توغرىدا سىزلەرگە گۇمان سالىدىغان ياكى ناشايەن ئىشلارنى قىلساق خۇدائىم بۇ جاھاندا بىزلەرنى تامام يوق قىلسۇن!»

ئاخىرى ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئۇيغۇرلاردا بولماق شەرتى بىلەن ئۇيغۇرلار تۇڭگانلار ئىتتىپاقلىشىپ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇشۇشقا كېلىشتى.

**300** مىڭغا يىقىن تولۇق قوراللانغان مانجۇر چېرىكىگە قارشى تۇرۇشتا سانى ئاز ۋە قورال- ياراقسىز ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ يېڭىشى ئۈچۈن نۇرغۇن چىقىملارنى بېرىشى تۇرغان گەپ ئېدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، سانى ئاز ۋە تەييارلىقسىز ئۇيغۇر- تۇڭگانلار باش كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان سەۋەپ

پەقەتلا زۇلۇمدۇر. سىياسىي ئاسارەت، ئىقتىسادىي قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ـ تۇڭگان ئىنقىلابى ۋە ئىلى سۇلتانلىقى

ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ باش قوماندانى ھەم ئەمىرى بولدى. ئەمىرنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ھەر ئىككى تەرەپ ئەمەل قىلىدىغان بولدى. قايسى تەرەپتىن خاتالىق ئۆتسە كىم بولىشىغا قارىماي، گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ئۆلۈم جازاسىغا قەدەر ئابدۇرۇسۇلبەگ ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولدى. ئەمدى ئەمىرنىڭ ئۇستىدىكى يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپە 82 بەگلىكتىكى ئۇيغۇرلاردىن پىدائىي ئەسكەر ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراشلىق بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈش بولدى.

1863 ـ يىلى (تۇنچىجاننىڭ 4 ـ يىلى جامادىل ئىيىنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۈمەنىڭ كىرىشى پەيشەنبە كۈنى كېچىسى) ئۆكتەبىرنىڭ 1 ـ كۈنى ئىلى خەلقى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ بەلگىلەنگەن كۈنگىچە بولغان 82 بەگلىكتىكى ئۇيغۇرلارغا خەۋەر بېرىپ ئۈلگەرگەن، ئەسكەرلەر ئوردا ئەتراپىغا يوشۇرۇنچە توپلاندى. ۋاقتىنى قىسقا قىلىشنىڭ سەۋەبى مانجۇرلارغا تۇيۇقسىز ھۆجۇم قىلمىسا مانجۇر ئەسكەرلىرى كۆپ، تۇيۇپ قالسا چاتاق بولاتتى. ئىككىنچىدىن ئۇ دارىن دېگەن خىتاي ئەمەلدارى تۇرغۇت خانى تەرەپكە 2000 ئات ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەندى. ئۇنى توسۇپ زەربە بەرمىسە بولمايتتى.

بەلگۈلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كېلىشى بىلەن ئابدۇرۇسۇلبەگ غۇلجا شەھرىنىڭ خىتاي بازار ( چوڭ كۆرۈك) مەھەللىسىدىكى جىن پاڭغا ھۆجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشەردى. ئۇيغۇر، تۇڭگان ئەسكەرلىرى جىڭ باڭغا قارا بۇراندەك تېگىپ بىر كېچىدە تامام مال ـ مۈلۈك، نۇرغۇن قورال ـ ياراغلىرىنى قولغا چۈشەردى. ئەتىسى چىلپەڭزە قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىمۇ تىزلىكتە ئالدى. چىلپەڭزە قورغىنى مانجۇرلارنىڭ خېلى مۇھىم

ئىستىھكاملىرىدىن ئىدى. بۇ يەردە قورال – ياراق، ئوق-دورا قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ، باي ئۈرۈن ئىدى. بۇ قورغاندىكى مانجۇرلار ئۇرۇش قىلمايلا ئىنقىلاپچىلارغا تەسلىم بولدى. ئىنقىلاپچىلار بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى.

چىلپەڭزە جېڭىدىكى قالايمىقانچىلىقلار تازلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىنقىلاپچىلار باياندايغا يۈزلەندى. ئەمىر، بەگلەر شەھەرنىڭ ياش يېگىتلىرىدىن: ماخمۇت، سىدىق، شىربەگ ھاجى تاھىر، خالىدبەگ (500 ئەسكەر باشلىغى) سېتىۋالدى شانبېگى، خوتەن باتۇر، ھوشۇر پالۋان، بايىراق كۆتۈرگۈچى ئابدۇللا ھېيىت، پەخىردىن، ئابدۇللا ناسىر، ياخشى پالۋان، ئابدۇۋارىس، شائىر ئابدۇلھەت، جالالىدىن، شىرىدۇ ئاخۇنلارنى ئېلىپ باياندايغا بېرىپ چۈشتى. ئاقتۆپىدىن قوۋاش باتۇر، ئابلىز پالۋان، ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ تۇققىنى ئايۇپ باتۇرلار نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن سېپىلنى قورشاپ چۈشتى. شۇ ۋاقىتتا غۇلجا ئۇنىيارىيۇزدى خەلقىنىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ھېساپسىز كۆپ بولۇپ، شاڭ بېگلەر چېدىر-بارگاھلىرىنى تىكىپ باياندايىنىڭ غەربى تەرىپىگە قوماندانلىق شتاب قۇرۇپ چىقتى.

ئىسھاق غەزىنىچىبەگ توققۇزتارانىڭ ياش يېگىتلىرىدىن مىڭنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارمۇ بارگاھ قۇرۇپ چىقتى. باياندايى سېپىلى ئەتراپىدا كەچكىچە قاتتىق سوقۇشلار بولدى. مانجۇرلارنىڭ بىرسىمۇ سېپىل دەرۋازىسىدىن بېشىنى چىقىرالمىدى.

ئابدۇرۇسۇلبەگە بىلەن نەسىردىن ئاخۇن شەھەر ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى.

جاڭجۇننىڭ بۇيرۇغى بىلەن يۇلتۇزدىكى تۇرغاۋۇت قالماق خانىدىن 1200 ئات ئېلىپ كۈرەگە ماڭغان سى غالداي بىلەن ئۇ دارىن چېرىكلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئابدۇرۇسۇلبەگ ئارئۆستەڭدىكى شەمشىدىن خەلپەم بىلەن ئەخمەتخان غوجاملارغا بۇيرۇق چۈشەردى. ئۇلار ياماتۇدا مانجۇر ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، ئاتلارنى ئولجا ئالدى. ئاندىن توققۇزتارا شارغۇجا تۆپىسىدە تۇرۇشلۇق مانجۇر قاراۋۇللىرىغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

كۆلجىلارنى ئېلىپ شەھەرگە قايتتى. ئۇلار ھەرەمباغقا چۈشكەندە ئابدۇرۇسۇلبەگ بۇنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۇ دارىننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولدى. «ئۇ ناھايىت يامان ئەبلەخ ئىدى» دېدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ شەمشىددىن خەلپەم بىلەن ئەخمەتخان غوجاملارغا كاتتا زىياپەت بەردى. يىزا ـ يېزىددىن كەلگەن ئەسكەرلىرى تامام يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك تەقسىم قىلىندى. قاش، ئارا ئۆستەڭ، بوربۇسۇن، ئۇلاستاي يېزىلىرىددىن كەلگەنلەرنى تۆڭگانلارغا قوشۇپ، باياندايىنى ئېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. باياندايدا مانجۇرلارنىڭ 2000 دىن ئوشۇق يارالىق ئەسكىرى كۆچى بار ئىدى.

ئىلىنىڭ جەنۇبىي يېزىلىرى: دادامتۇ، كەتمەن، غالجات، خونخاي، بۇغرا بولۇپ، 12 يۈزدىن توپلانغان پىدائىيلارنى شۇەلەرنىڭ كۈرە، باياندايى ئۈچۈن ياردەمگە بارىدىغان ئەسكەرلىرىنىڭ يولىنى توساشقا؛ يالغۇز ياغاچ، شارغوجا، توققۇزتارالاردىن كەلگەنلەرنى تىكەس، كۆنەستىن كېلىدىغان قالماقلارنىڭ يولىنى توساشقا؛ ھەمدە قاشان، غالجات غوللىرىددىن كەلگەن پىدائىيلارنى مۇڭغۇلكۈرە قالماقلىرىنىڭ يولىنى توساش ئۈچۈن قاراۋۇللۇققا قويدى. باياندايى سېپىلى ئەتراپى سان ـ ساناقسىز ئەسكەرلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، پارتلىغان دورا تۈتۈنلىرى، زەمبىرەك، مىلتىق ۋە كاناي ـ سۇنەي، ناغراپ ئاۋازلىرى بىلەن چوڭ بىر قاينامغا ئايلانغان ئىدى. ئىسلام پىدائىيلىرى ئۆزلىرىنى قارا بۇراندەك سېپىلغا ئۇرۇپ يامىشىپ چىقىپ جەڭ قىلدى. مانجۇر چېرىكلىرى كېگىزلەرنى سېپىلنىڭ ئۈستىگە ئەچىقىپ ئۆزلىرىگە دالدا قىلىپ، ماي يۈگەلگەن مايلىق كالتەكلەرگە ئوت يېقىپ، مۇجاھىتلەرگە ئاتاتتى. ياش پالۋان يىگىتلەر بۇ ئوتلارغا پەرۋا قىلماي سېپىلغا چاقماق تېزلىكىدە چىقىپ، كىگىزلەرنى يەرگە تاشلاپ، سېپىلنى شور قىلىپ جەڭ قىلاتتى.

كۈرەدىكى جاڭجۇن تويۇقسىز پارتلىغان بۇ ئىنقىلاپ ئوتىنى يالغۇز تۆڭگانلانىڭ ئىشى دەپ قارىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە ئۇ بۇ ئىشنى

سەل چاغلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ بۇ قوزغىلىشنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جاڭجۇن چوڭ ـ كىچىك ھەممە مەنسەپدارلىرىنى يىغىپ، جىددىي يىغىن ئاچتى. بۇ كېڭەشتە چىڭدا لوبە دېگەن ئەمەلدارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مەزەمزات ھاكىمنىڭ مەنسىپىنى ياندۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا ئۇرۇش قىلماسلىق ئۈچۈن پەند ـ نەسىھەت قىلىپ كۆندۈرۈش قارار قىلىندى.

جاڭجۇن مەزەمزاتنى قاماقتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋاللارنى ئوقتۇرۇپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا چوڭ ئۆتوقلىرىنى ۋەدە قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىگە ئەۋەتتى.

مەزەمزات شۇەلەر تۇرغان يەرلەرنى ئارىلاپ، قوغۇنچى يېزىسىغا كەلدى. ئۇ يەردىن ئارا ئۆستەڭ، بۇلاقبېشى يېزىلىرىغا ئۆتۈپ، شەمشىدىن خەلپەم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى. ئاندىن ئەخمەتخان غوجىنى دەرھال شۇ يەرگە ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىغىغا شۇرلاپ، ئاخىرى يالۋۇرۇشقا باشلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ دېدىكى: «ئەمىرنىڭ قېيىنئاتىسى ئەخمەت غەزىنىچى بوپتۇ، ئۇ بولسا مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەت بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ بەرسىڭىز، قاچانكى خان بولسام، سىزنى شېرىك قىلىمەن».

ئەخمەتخان غوجا بۇ سۆزگە ئەگىشىپ، پىتنە ـ پاساتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچماقچى بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئەخمەتخان ئەخمەت غەزىنىچىنىڭ پېيىغا چۈشتى. مەزەمزات بولسا ھېچ نېمە كۆرمىگەندەك بولىۋېلىپ ئەتراپىتىكى كەنتلەردىن ئاز ـ ئازدىن ئەسكەر ئېلىپ شەھەر تەرەپكە ماڭدى.

مەزەمزات شەھەرگە كەلگەندە ئابدۇرۇسۇلبەگ باشلىق ھەممە بەگلەر قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى. مەزەمزات ھاكىم كۆرەدىكى مانجۇرلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئىنقىلاپچىلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋەتتى. بۇ چاغدا ھەر يەر ـ يەرلەردىن غەيرەتلىك پىدائىيلار يىغىلىپ، ئىنقىلاپچىلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈندە ئاشقانىدى. ئەخمەتخان غوجىمۇ ئۆز

ئەسكەرلىرى بىلەن تويقا قوشۇلغانىدى. بۇنىڭغا ئۇششاق پۇقرالار ئىنتايىن خوشال بولدى. لېكىن چوڭلار توغرا كۆرمەي ئىچ ـ ئىچىدىن قورۇندى. چۈنكى نادان خەلق ئۆز كۈچىدىن تولاراق غوجىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنەتتى.

ئەخمەتخان غوجا خەلق ئارىسىغا ئارىلاشقاندىن كېيىن رىياسەت (تۈزۈم) مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ رەئىسلىكنى غوجىلارنىڭ ئىشلىشى ھەققىدە پىلان تۈزگەنىدى. ئاما باشقىلار رەئىس مەسىلىسىنى چىقىرىش ھازىرچە ۋاقتى ئەمەس، ئۇنىڭغا ئالدىرىمىساقمۇ بولىدۇ دەپ قارىدى. ئەخمەتخان غوجا پۈتۈن ئوي ـ پىكرىنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق ئارىسىدا ئۆزى كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنەرلىك بىر ئىش قىلىپ ئىسسىق كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتخان غوجا ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن ئالدىنقى سەپ باياندايغا بارغانىدى. لېكىن ئىش ئۇ ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى.

بايانداي قورغىنىنىڭ ئەتراپىدا ئازاتلىق ئۈچۈن خوشاللىق بىلەن جان بېرىشكە تەييار تۇرغان جاسارەتلىك پىدائىيلارنى كۆرۈپ، قورقانچاق، ئاقسۆيەك ئەخمەتخان غوجا چۆچىدى. ئۇ ئاخىرى ئۇرۇش مەيدانىغا بارالماي ئارقىسىغا يانغانىدى. مەزەمزات بولسا يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان ئەخمەتخان غوجىنىڭ قۇلىغا شىۋىرلىغانىدى. ئەخمەتخان غوجا دەرھال شەھەرگە قايتتى . ئەمىر بولسا، مەزەمزات بىلەن بىللە چىدىر ـ بارىگاھقا كىلىپ چۈشتى. دەل شۇ مەزگىلدە چىخداي دىگەن مانجۇر ئەمەلدارىنىڭ قالماقلارنىڭ توپلانغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ياماتۇغا كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ ئەخمەتخان غوجىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ توساشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەخمەتخان غوجا مەزكۇر بۇيرۇقنى ئېلىپ ماڭغان كىشىنى يولدا ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئۇ بۇ بۇيرۇقنى تىڭشىماي ئۆز يولىغا يۈرۈۋەردى. خەت ئاپارغۇچى بۇ ئەھۋالدىن شەھەرگە خەۋەر بەرگەندە ئەخمەت غەزنىچى بەگ بىلەن ئوغلى ئاخۇن بەگ قالماق چېرىكلىرىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا چىققانىدى. دەل شۇ مەزگىلدە ئەخمەتخان غوجا ئەخمەت غەزنىچى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئاخۇن بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى يەنە يولغا راۋان بولدى. بۇ ئەھۋاللار

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش مەيدانى بىلەن شەھەرگە يەتكەندە خەلق ئىنتايىن غەزەپكە كېلىپ، غۇلغۇلا قىلىشتى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ قىناتىسى ئەخمەت غەزىنىچى بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئابدۇرۇسۇلبەگكە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئەخمەت غەزىنىچى ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ قېيىناتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قانداق ئىشتا ئەقىل كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ياخشى مەسلىھەتچىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ غەزەپلىنىپ: «ئەخمەتخان غوجىنى ئۆلتۈرىمەن!» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما غوجىغا قارشى ھېچنىمە قىلالمىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ سۆزىنى ئەخمەتخان غوجىنىڭ يېقىنلىرى يەتكۈزگەندى. ئۇ قورقانلىقتىن چىرايلىرى ساماندەك سارغىيىپ مەزەمزاتنىڭ يېنىغا باردى. مەزەمزات: «ھەي يۈرەكلىك غوجا، سىزگە نېمە بولدى. چىرايىڭىز ئەسكىغۇ» دېگەندى. غوجا: «ئەمىر مېنى ئۆلتۈرگىدەك» دېدى. مەزەمزات ئېيتتىكى: «ھەي غوجا، ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ بىلەن ئىسھاقبەگنى ئۆلتۈرسىڭىز قالغان نەسىرىدىننى سولاققا ئالساق بۇ ئۈچى يوقالسا ھېچ كىم بىزدىن خۇن تەلەپ قىلمايدۇ». شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى غوجا مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالدى. بىز ئۇيغۇر خەلقنىڭ ئۆز ئارا مۇشۇنداق شەخسى دۈشمەنلىشىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزۈپ، ماجىرالار سەۋەبىدىن ئىنقىلاپ ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرمەي، ئالدىغا باسالماس بولۇپ قالدى. يۇقارقى ئىشلار ۋەجىدىن باياندايىنى قورشاپ ياتقان جەڭچىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ، غەلىبە قازىنىش ئىشەنچى تەۋرەنگەنلىكتىن شەھەر ئەسكەرلىرىنى ياردەمگە چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى.

# ئىلى سۇلتانلىغىنىڭ تەشكىللىنىشى

بۇ ئۇرۇش ئىشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلمەيۋاتقانلىغىنى، ئىتتىپاقسىزلىقتىن كۆرۈپ، ئىنقىلاپ ئىشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت باشلىغىنى سايلاشنىڭ زۆرۈرلىگىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قازى نەسىردىن ئەلەمنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە چوڭ كېڭەش ئېچىلدى. ئەلەمنىڭ باشقۇرۇشىدا ئېچىلغان بۇ كېڭەشتە مەزەمزاتنى «سۇلتان

www.uyghurkitap.com

مەرەمخان» ئۇنۇانى بىلەن خان قىلىپ سايلىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ئەمىر، نەسىردىن ئەلەمنى كالان، شاۋكەت ئاخۇننى قازى ئاسبى، موللا روزىنى مۇپتى ئۇمۇمەن سۇلتاندىن تارتىپ يۈز بېشىغىچە ھەممە ئەمەلدارلارنى سايلاپ چىقتى. يېڭى سۇلتان ئەسكەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى دەپتەرگە ئالدۇردى. دەسلەپتە ئەسكەرلەر سانى ئېنىق ئەمەس ئىدى. جەڭچىلەرنى بالدۇرقىغا قارىغاندا تەرتىپ ئىنتىزامغا سالدى. شۇ چاغدا باياندايغا كۈرەدىن بىر باتاليون مانجۇر چېرىكلىرى ياردەمگە كېلىپ قاتتىق ئۇرۇشقانلىقتىن ئىنقىلابچىلار چېكىنىپ قالدى. قامالدا تۇرغان باياندايي تېخىچە ئېلىنمىغاندى. ئىنقىلابچىلار ھەر كۈنى دېگۈدەك مانجۇرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىغىغا قەھرىمانلىق قايتۇرما ئۇرۇش قىلىپ تۇرغانلىقتىن مانجۇرلارنىڭ ئۇرۇشۇشقا چامى يەتمەسلىكى سېزىلىپ قالغاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى بىر يەرگە توپلاپ، پلان تەقسىملەپ، ئۇرۇش قىلىشقا سۇلتاندىن بۇيرۇق چۈشتى. كۈرە ياقىسىدىكىلەرنى ۋە يەنى چەتتە قالغان تۇغلۇق تۇمۇرخان مازىرىدىكى شەيخلەرگە كىشى ئەۋەتكەندى. ئۇلارنىڭ سولۇنلار تەرىپىدىن بالا چاقىللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر بولغاندىن كېيىن كۈرە بىلەن باياندايي يولىنى توسۇپ سېپىل ئوخشاش كاتتا تام ۋە بارگاھ قۇردى. باياندايىنى پەتھ قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم باشلاندى. لېكىن قورغاننى ئېلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن سېپىلنى دورا كۈچى بىلەن بۇزماق ئۈچۈن مەشھۇر سادىر خاڭرۇققا مۇراجىئەت قىلىپ پارتىلتىش ئىشى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى. (سادىر موللا توقتى يۈزلۈك كىشى بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا بۇرنىغا قۇرۇت چۈشۈپ خاڭرۇق بولۇپ قالغان. ئۇ تەخمىنەن 1796 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1872 ـ يىلى 76 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئاتىسى خوشئەخمەت ئىسىملىق دېھقان ئىدى.

سادىر ئىستېھكامنى دورا كۈچى بىلەن بۇزغان بولسىمۇ، مانجۇرلارنىڭ قار ـ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقىغا قارشى ھېچ كىم ئىلگىرىيەلمەي، جەڭچىلەر سېپىل ئىچىگە كىرەلمەي قالدى. سادىر ئەتىسى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر كولاپ دورا پارتىلاتقاندى. ئۇ چاغدا مانجۇرغا ياردەم ئۈچۈن كۈرەدىن

2ـ قېتىم يەنە نۇرغۇن چېرىكلەر كېلىپ ئۇرۇش يوقۇرى كۆتۈرىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا مانجۇرلار يېڭىلىپ 700 نەپەر ئۆلۈك ئەسكىرىنى تاشلاپ قاچتى.

مانجۇرلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتىنى كونا جاڭجۇننىڭ تەدبىرسىزلىگىدىن كۆرگەن مانجۇر هۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئورنىغا مىڭ دېگەن ئەمەلدارنى جاڭجۇن قىلىپ بېكىتتى. بۇ يېڭى جاڭجۇننىڭ مۇسۇلمانلارغا هېچ يامانلىغى تەككەن كىشى ئەمەس ئېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىگە مۇسۇلمانلارنىڭ يامان قارىماسلىغىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى بېرىپ چىقىشماقچى بولدى. جاڭجۇننىڭ تارانچىلارغا ئەۋەتكەن تەكلىپلىرى تۆۋەندىكىچە ئېدى.

1) قوزغالغان ئۇيغۇرلارنىڭ گۇناهلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇنى سۈرۈشتۈرمەسلىك؛

2) ئۇيغۇرلاردىن ئېلىنگىرى ئالغان ئۇستۈرمە سېلىقلارنى ياندۇرۇپ بېرىش، ئۈچ يىلغىچە سېلىق ئالماسلىق؛

3) ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىغى مانجۇرلارغا باغلىق بولماي، هەممە ئىشلىرى ئۆز ئالدىغا بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ چېگراسىنى چىلپېڭزىگىچە بولۇش؛

4) سۇلتانغا مانجۇر هۆكۈمىتىنىڭ چوڭ مەنسەپدارلىغىغا بېرىلىدىغان «جوڭزى»لىق دەرىجىسىنى بېرىش، بۇنىڭ بەدىلىگە بۇزۇلغان تۇڭگانلارنى تۇتۇپ بېرىش.

جاڭجۇننىڭ تۆرت كىشلىك ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ باشلىغى دوۋچى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇلارنى يېڭى سۇلتان «چېگىرا» دەپ سوقۇلغان تامنىڭ تۈۋىدە كۈتۈۋالدى ۋە مانجۇر هۆكۈمىتىگە مۇنداق جاۋاپ يازدى:

«مانجۇر هۆكۈمىتىنىڭ جاڭجۇنى مىڭگە

مەنكى ئىنقىلاپچىلارنىڭ يېڭى سۇلتانى مەزەمخاندىن جاۋاپ:

بىزلەرنىڭ بۇيرۇقىمىزنى ئاڭلاپ هېچ شەرتسىز ئەل بولىشىڭلار كېرەك. بولمىسا قاتتىق جەڭ ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلىسلەر، مۇشۇ خەت بارغان زامان قولۇڭدىكى 200 مۇسولماننى قايتۇرۇپ بەرگىن!».

ئەلچىلەر: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ تۈمەندىن ئۇشۇق ئەسكىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىرى شىر، ئەجدىھاردەك كۈچلۈك ئىكەن دەپ كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندى. يىخى جاڭجۇن قورقۇپ كەتتى. ئۇ غەم ـ قايغۇغا پېتىپ، بىر ئاز ھوشىنى يىققاندىن كېيىن: «مۇسۇلمانلارنىڭ 200 ئەسكىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگىن» دەپ بۇيرۇدى. دوچيي 200 مۇسۇلمان ئەسكىرىنى ئېلىپ سۇلتاننىڭ ئەمىرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ياندى. بۇ ئەھۋال ئىنقىلابچىلارنىڭ روھىنى خېلى كۆتەردى. بۇ ئەھۋال مانجۇرلارنىڭ قانچىلىك كۈچسىز بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بەرگەندى. شۇنداق بولسىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەر باشلىقلىرى يەنىلا روھسىز، چۈشۈنۈكسىز بىر سىزىمدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر يەرنى پەتھ قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش زۆرۈر بولۇپ قالغاندى. بىر كۈنى ئۇلۇغلار جەم بولۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن سۆزلەپ ئولتۇرغاندا ئابدۇرۇسۇلبەگ مۇنداق دىدى: «باياندىي قەلئەسىنى قورشاپ، ئۈچ تۈمەن ئەسكەر بىلەن تىنىچ ياتقىنىمىز ياخشى ئەمەستۇر، ئەسكەرلىرىمىزگە ئۇرۇش قائىدىسى بويىچە جەڭ قىلىش شارايىتى بار، ئۇنى ئۆگەتسەك كېيىن پايدىسى بولىدۇ. قەلئە كۆپارلىرى قەلئەنىڭ تېشىغا چىقالمايدۇ. بىز بۆزۈپ كىرەلمىسەك ئۇلار ئون يىلغىچە شۇنداق ياتۇىرىدۇ. ئىشنىڭ ئوڭ تەرىپى بىز ئەسكەرلەرنى بىقۇۋەرمەي ھەرىكەتلىنىشىمىز كېرەكتۇر. بى دىشاڭ دېگەن نەتىجە غولىدۇر (سايدۇ)، گاڭگۇل، بىيانگۇل، شوپان كۆرە، شاڭياگۇن دېگەن جايلاردا ناھايىتى كۆپ مانجۇرلار باردۇر. بۇلار داۋاملىق دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلاردا چارۋىمۇ كۆپ، بىر نەچچە پالۋان ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەجەللىك زەربە بەرسىلا كۆرە ـ باياندىي ۋە ئەتراپىدىكى بۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنىڭ ئابرويىغا زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بىزنىڭ ئابرويىمىزنىمۇ ئاشۇرغۇسى. يىراق ـ يېقىندىكى بارلىق دۈشمەنلەر ئاڭلىسىمۇ كۆڭلىگە زور قورقۇنۇچ چۈشۈپ، قورغاندىكىلەر بىلەن سىرتىكىلەرمۇ بىزگە ئەل بولۇشى ئەجەپ ئەمەس ئىدى».

ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ بۇ سۆزى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارغا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئەزىز پالۋان، ئىمىن شاھ ياساۋۇل،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوۋاش پالۋان، قاسىم ئاخۇن، ئىسلام ھوشۇر پالۋانلارغا دەرھال 300 دىن ئەسكەر قىتىپ يولغا سالدى. ئۇلار بى دىشاڭدىكى مانجۇرلارغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن غەنىيمەت ئېلىپ چوڭلارنىڭ كۆڭلىنى راسا خوشال قىلدى. بۇنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان دۈشمەن تەرەپتە تۇرغان قالماق، چاخار ۋە جۇڭغارلار دەرھال ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئالدىرىدى. تۇرغۇت قالماقلىرى بولسا، بۇلاردىن بۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ بىتەرەپلىكىنى بىلدۈرگەن. جاڭجۇن ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇرۇشنى توختىتالمىغانلىقتىن ئەمدى پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، ئۇلارغا زور كۆلەمدە زەربە بېرىشكە تاييارلاندى. ئۇ 3- قېتىم ئەۋەتكەن چېرىكلىرىگە ناھايىتى ئىشىنەتتى. چۈنكى بۇ قوشۇن شۆنچىلىك ئىشەنچىلىك ئىدىكى ئۇ تۇڭگانلار بىلەن ھەر قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قازانغانىدى ۋە تۇڭگانلارغا داۋاملىق ئارام بەرمەي كەلگەنىدى.

كۈرەدىكى تۇڭگانلار بىلەن چىڭسىخۇزا، سۈيدۈڭ ۋە تائاجى يېزىلىرىدىكى تۇڭگانلار بىرلىشىپ 1600 چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ، 2000 چېرىكنى ياربدار قىلغانىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە مانجۇرلار 10 مىڭغا يېقىن مانجۇر ئەسكەرلىرى بىلەن جىددى تەييارلىق قىلىپ چىققان. ئۇلار تۇڭگانلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، باتۇرلىرىنى ئۆلتۈرگەنىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تۇڭگان چوڭلىرى دەرھال ئەخمەتخان غوجىغا خەت يېزىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەخمەتخان غوجا بىر نەچچە يۈز ئەسكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. مانجۇرلارنىڭ باشلىغى باغلادۇي، تۇڭگانلارنىڭ باشلىغى ئەخمەتخان غوجام بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىرىدا ئەخمەتخان غوجاملار مەغلۇب بولۇپ، شەھەر تۇڭگانلىرى غۇلجىغا، كۈرە تۇڭگانلىرى تاغقا، ئەخمەتخان غوجام ئازغىنا ئەسكىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە قاچتى. بۇ جەڭدە نۇرغۇن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى شېھىت بولدى. تاجى تۇڭگانلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، نومۇس قىلغانلىقتىن باشقىدىن غەيرەتكە كېلىپ دۈشمەنلەرگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلار قاچقاندىن كېيىن غۇلجىغا ياندى. مانجۇر ئەسكەرلىرى تۇڭگانلار كەتكەندىن كېيىن كۈرەگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

كىرىپ كەتتى. ئەتراپىنى قوغداش ئۈچۈن سولۇن، قازاقلار ۋە چىخپەنلەرنى قويۇپ، ئۆزلىرى يەنە ئۇرۇش تەييارلىغىغا كىرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىددىي تەييارلىقلىرىدىن شىۋەرلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانىدى. شىۋەلەر بولسا ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ سادىق دوستى بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئالغان خەۋەرنى خونخايدىكى ئاققوزا بەگكە، غالجاتتىكى توقۇلەق بەگلەرگە يەتكۈزگەنىدى. ئۇلار دەرھال غۇلجىدىكى سۇلتانغا خەۋەر يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ غۇلجىدىكى ئۇيغۇر، تۇڭگانلار جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان مانجۇرلاردىن 17000، قازاقلاردىن 300 چېرىك رەجەپ ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى (شەنبە) كۈنى يولغا چىققانلىق خەۋىرى ئالدىنقى سەپتىكى تۇڭگانلار ئارقىلىق سۇلتانغا خەۋەر قىلىندى. بۇ قېتىم مانجۇر چېرىكلىرى ناھايىتى پۇختا تەييارلىق قىلىپ چىققانىدى. ئۇلار تۆمۈر كىيىملەرنى كىيگەن، قىزىل، يېشىل، ئاق بايراقلارنى كۆتەرگەن، دەريا بويىدىكى تاغقىچە تارىلىپ، قارا بۇراندەك كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش دۈيۈپۇ (دالىپو) دېگەن يەردە باشلىنىپ كەتتى. سۇلتان ۋە ئەمىرلەر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، قوشۇن تارتىپ ئاجايىپ زور جەڭلەرنى قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا بەزىدە ئۇيغۇرلار، بەزىدە مانجۇرلار يېڭىپ تۇردى. بۇ قېتىم ئۇيغۇرلار قورشاۋدا قالغاندا ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ يالاكور، خەلپە، ئاخۇنلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، (ئۇلار بىر جايدا تۇرۇپ قالغانىكەن، بەگ بۇ تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنىدى) ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. تۇڭگانلار يىغا-زارە بىلەن جەڭگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، ئۇيغۇرلار بىر ياقتىن قىستاپ، مانجۇر ئەسكەرلىرىنى تۆكۈۋەتتى.

مانجۇرلار چېرىكلىرىنى سەپلىگەندە ئارقىغا چېكىندۇرمەسلىك ئۈچۈن كۆك، سۇزۇك جۇڭزىلىق باشقۇرغۇچى بىر ئادەم قويغانىكەن. ئۇ ھېچ بىر مانجۇر چېرىكنى ئارقىغا قېچىشقا يول قويمايتتى. سالى غوجىنىڭ ئوغلى ئەزىز باتۇر شۇ باشلىقنى يېقىتقاندىن كېيىن، مانجۇر چېرىكلىرى ئارقىغا قارىماي قېچىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار كۇرەگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئارقىسىغا ياندى. مانجۇرلارنىڭ 96 دانە زەمبىرەك، 60 ھارۋا ئوق-

دورا، ملتىق، قلىچ ۋە شائىلارنىڭ سانى ھېساپسىز غەنىيمەت ئېلىنغاندى. مانجۇرلارنىڭ بارگاھىدىن ئۈن، گۇرۇچ تاغار ـ تاغارلاپ ئولجا ئېلىندى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە پۈتۈن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر، باشلىقلار ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى «باتۇر» دەپ مەدھىيىلىدى. بۇ ئەھۋالنى سۇلتان ئاڭلاپ كۆرەلمەسلىكتىن ئابدۇرۇسۇلبەگنى يوقىتىش پىيىغا چۈشتى. ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ دۈشمەنگە ساقايماس (قاقشاتقۇچ) قاتتىق زەربە بېرىپ زەخىملەندۈرگەندى.

## ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى جەڭچىلەرنى رەتلەپ، باياندىي قورغانىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىنىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاتتىق كۆڭۈلسىز خەۋەر تارقالدى. ئۇ بولسىمۇ سۇلتان مەزەمزات ئەخمەتخان غوجىنى چاقىرتىپ ئۈنى مال دۇنياغا، مەنسەپكە غەرىق قىلىپ، ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ ۋە ئىسھاقبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مەسئۇللىغى مەندە بولسۇن دېگەن سۆزنى قىلغان ئېدى.

ئەخمەتخان غوجا: «مەن ئەمىرنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قورقىمەن» دېگەندە سۇلتان مەزەمزات دانىيالبەگنى ئالدۇرۇپ، مانجۇرچە تۆھمەت خەتتىن بىرنى يازدۇرايلى، ئەمىر ئۆلگەندىن كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا يانچۇقتىكى خەتنى دانىيالبەگكە ئوقتايلى، تامامى خەلقنىڭ ئەمىرنى يامان دېمەي ئىلاجى قالمايدۇ. بۇ ئۆلتۈرۈشتىكى گەپلەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ، شەھەردىن كۆتىۋالدى ياساۋۇل، جالال دورىغا ئەتشاخ ياساۋۇلبەگ، ئىسلام دۆلەت، سىدىق ياقۇپ مىراپلار غازاتچىلار بارگاھىغا بېرىپ ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگكە يەتكۈزدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ: «مەزەمزات، ئەخمەتخان غوجا ئۈچىمىز ئاللاھنىڭ كالامىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشقاندۇق، ئەگەر ئۇلار مېنى ئۆلتۈرسە ئاللاھنىڭ كالامى گۇۋاھدۇر. سىزلەر خاتىرجەم يېنىڭلار، خۇدانىڭ قازاسى كەلسە رازى مەن» دەپ ئۇلارنى قايتۇردى. ئىنقىلاپنىڭ 4 ـ يىلى بارات ئېيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى كۈنى جۈمە ئىدى. ئەخمەتخان غوجام ئەمىرنىڭ پېيىدا بولۇپ قارىسا ئەمىر ياتقان بارگاھنىڭ ئەتراپى خالى ئىكەن. ئەخمەتخان غوجا ئەمىرنىڭ چېدىر ـ بارگاھىدىغا سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كېچىلەپ تۇيۇقسىز كىرگەنلىكتىن ئەمىر ئەيمەندى. ئەخمەتخان غوجا ھايال قىلماي ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى توختى ئاخۇن ۋە خىلىل يۈز بېگىنى ئۆلتۈردى.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئۆلۈشىدىن قازى نەسىردىن ئاخۇنغا خەۋەر يەتكۈزگەندە ئۇ : «ئۇلار ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ كاپىر بوپتۇ» دېدى. ئەسكەرلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ، بىز غوجىنى ئۆلتۈرىمىز، دېيىشكەندە نەسىردىن قازى كالان «ئۇلارنىڭ ئادەملىرى كۆپ، سىزلەرگە يول بەرمەيدۇ ۋە كۆپ قان تۆكۈلىدۇ» دەپ يولنى توسۇپ قويدى ۋە تاڭ ئاتقىچە قورقۇپ دەرۋازىلىرىنى ئېتىپ ياتتى.

ئەتىسى سەھەردە سۇلتان مەزەمخان ئوردىسىدىكى خاس كىشىلىرى بىلەن قوماندانلىق بارگاھىغا كىلىپ، نەسىردىن قازىغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى. لېكىن بىر مۇنچە كىشىلەر ئۆلۈم ھۆكۈمىنى كۈچتىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئۇنىڭ قازىلىق مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ تۈرمىگە تاشلىدى. سۇلتاننىڭ بۇ قىلمىشى غەۋغانى باسماق ئۈچۈن ئىدى.

مۇئەللىپتىن: ئابدۇرۇسۇلبەگ مانجۇرلارغا يۇشۇرۇن خەۋەر بېرىسەن دەپ يۇشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئېھتىمال تۆھمەتتۇر. چۈنكى مۇنداق چاغدا بۇزۇق ئادەملەرنىڭ چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، زىمىن راسلاپ قويۇشى چوقۇم ئىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ئەمىرنىڭ تۇتقان يولىغا قارىغاندا ئۇ ئۆز شەخسىيىتى ئۈچۈن ياكى مەنسەپ، دۇنيا ئۈچۈن بولماي، پەقەت مىللەتنى ساتىدىغان ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەسلىگى ئەلبەتتە كۆرىنىپ تۇرىدۇ.

مەزەمخان سۇلتان ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ بىلەن نەسىردىن قازى كالاننىڭ تامام مال ـ مۈلكىنى مۇسادىر قىلىپ ئالدى. ئەخمەتخان غوجىنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلدى ھەمدە بەگلەر غوجىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغان بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىمۇ غوجىنىڭ بۇيرۇقىغا قاراپ ماڭىدىغان

بولدى. دېمەك باشتا مەزەمزلت ھاكىم بىلەن ۋەدە شۇنداق ئېدى. ئاخىرى سۇلتان مەزەمخانمۇ ئەخمەتخان غوجىدىن بىسوراق ھېچ ئىش قىلالماس بولدى. تەبىئىيكى مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇش ئىشلىرى سۇسلىشىپ، پالەچ ھالغا چۈشكەنلىگىنى سەزگەن دۈشمەنلەر بولۇپمۇ باياندايى، چىلپەڭزىدىكى مانجۇرلار تۇيۇقسىز كۈرەدىكى مانجۇرلارنىڭ ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىنىۋاتقانلىقى سىزىلىپ تۇراتتى. ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ بولسا روھى چۈشۈپ ، بارغانسىرى پەسىيىپ كەتكەندى.

## باياندايىنىڭ ئېلىنىشى

ئىنقىلاپ باشلانغىنى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، باياندايى تىخىچە ئېلىنماي تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈرەدىن باياندايىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن داۋاملىق مانجۇر ئەسكەرلىرى كېلىپ تۇراتتى. ئۇيغۇرلار ئۇرۇش ئىشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى. كۆپى تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. بولۇپمۇ كۆپرەك چىققان (قورغان ئىچىدىن) مانجۇر ئەسكەرلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم تۇتۇشقان ئۇيغۇرلار دۈشمەنىنىڭ بۆكتۈرمە كۈچلىرى تەرىپىدىن قاتتىق زىيانغا ئۇچىرىغانلىقتىن ئەتراپىدىكى مانجۇرلارغا قاراشلىق قالماقلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈپ قويغانىدى. بۇلاردىن شىۋە، سولۇن، چاخال، تۇرغۇت، ئارغۇن، سۇمۇل، زورغا سۇمۇلدىكى قالماقلار ئۆز ـ ئارا ئىتتىپاقلىشىپ ئۈچ يىلدىن بېرى قامىلىپ تۇرغان باياندايى قورغىنىنى قۇتقۇزۇشقا بىرلىككە كەلگەندى. بۇ ئىشتىن سۇلتان خەۋەر تېپىپ، قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتايدا ئۇبدان پىلانلار قارارلىنىپ، باياندايىنى پەتھ قىلماي تۇرۇپ، ئايماقلارغا قارشى تۇرۇش مۆمكىن ئەمەس دەپ قارار ماقۇللاندى. شۇ سەۋەپلىك باياندايى سېپىلىنى 2 ـ قېتىم پارتىلىتىشقا توغرا كەلدى. بۇ ۋەزىپە يەنە سادىر پالۋانغا يۈكلەندى. سادىر پالۋان بۇ قېتىم سېپىلنىڭ تۈۋىگىچە بېرىپ خەندەك كولىدى. بۇ قېتىمقى كولانغان ئورەك بالدۇرقىسىغا قارىغاندا ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر ھەم تېز پۈتتى. باياندايى قورغىنى پارتىلىتىلدى. ئوت كۈچى ئاسمانغا چىقىپ،

خش ـ كىسەك پارچىلىرىنى سېپىلنىڭ ئىچىگىچە قار ـ يامغۇردەك تۆكۈۋەتتى. مانجۇر ئەسكەرلىرى ھېچ ئىلاج قىلالماي، تاش، خش ـ كىسەك پارچىلىرىنى ئاتاتتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بولسا سېپىلنىڭ بۇزۇلغان شورىسىغا بارغاندى. دۈشمەننىڭ كۈچلۈك توپ ـ زەمبىرەكلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

رامزان ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى ئىنقىلابچىلار سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى. ئازادلىق روھى بىلەن روھلانغان غەيرەتلىك جەڭچىلەر ھەر ئىككى شورىدىن دۈگۈرۈپ كىرىشكە باشلىدى. ئالدىنقىلار قىرىلسا كەينىدىكىلەر ئۇلارنى دەسسەپ كىرمەي قاراپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېپىل ئىچىگە كىرىش ناھايىتى تەس بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ جەسىدى دالدا بولغىدەك بولغاندىن كېيىن شۇ جەسەتلەرنى دالدا قىلىپ مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئەتىسى رامزاننىڭ 12 ـ كۈنى سېپىل ئىچىگە كىردى. سېپىل ئىچىدە ئۈچ كۈن قوچاقلاشما جەڭ بولدى. (موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ شۇ ۋاقىتتىكى پالۋان ۋە قەھرىمانلارنىڭ نامىنى بىر ـ بىرلەپ يازغاندى) مانجۇرلارنىڭ گارنىزون، لەيندۈي باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، دورا بىلەن ئۆزلىرىنى ھاۋاغا ئۇچاردى. ئەتىسى باياندىاي قورغىنى پەتھ قىلىندى.

1865 ـ يىلى رامزاننىڭ 14 ـ كۈنى ئۇيغۇر جەڭچىلىرى باياندىاي قورغىنىنى پەتھ قىلغاندا ناھايىتى نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بولدى. غەلبە قىلغان جەڭچىلەر شېھىتلارنىڭ جەسەتلىرىنى تامام يىغىپ، مازارغا دەپنە قىلدۇردى. شەھەر ئىچىدىكى بۇ مازارغا «شېھىتكارلىق مازىرى» دەپ نام بېرىلدى.

ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرىنى شەھەرلەرگە قايتۇرماستىن يۈز بېگىنى قاراۋۇللۇققا قويۇپ، مەخسۇس كۆرە يولىنى تۇسۇپ قويدى. كۆكلەم كىرگەندىن كېيىن چوڭلار مەسلىھەتلىشىپ، باياندىيدىكى بارگاھنى «قىزىل دەڭ» دېگەن يەرگە كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. سۇلتان، خەلپە، قازى كالان ۋە شەۋكەت ئاخۇن باشلىق تامام سىپاھلارغا ئالاھىدە خىزمەتلەر ئىشلەپ، ئۇلارغا بارگاھ قۇرۇپ، چۆرىسىگە خەندەك قىزىپ، ئۈستىنى ياغاچلار بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com

يېيىپ ئايلاندۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى ساقلاشقا قويدى. تۈڭگانلار بولسا چېدىر تىكىپ ئولتۇردى.

## پوچى ماخمۇد قېرى غوجىنىڭ كېلىشى

باياندايي ئېلىنغان يىلى قىشنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىغا ماخمۇت ئىسهاق (لەقىمي غوسازاتە) دېگەن غوجا كېلىدۇ. سولتان مەزەمخان بۇ زاتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن خەلقنى ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىشقا پەرمان چۈشۈردى. خەلق ئۇنى«دەيدە زادىمىز» دەپ قىزغىن قارشى ئېلىپ، بىر ئۆيگە چۈشۈرىدۇ. بۇ غوجا ئەتىسى سەھەردە يېشىل لۆڭگىنى بېشىغا يۆگەپ، هېلە ـ مىكىر بىلەن سۇلتانىنىڭ ئالدىغا كۆرۈنۈشكە كەلگەندە سۇلتان ئەهۋالىنى سورايدۇ. غوجا: «مەن غېرىپلارنىڭ هالىغا يېتەرمەن، پەرىشتىلەردىن قۇۋۋەتىم بار، ئۆز يېرىمدە مەشهۇر كىشىلەردىن ئېدىم، دۇنيادا مال ـ پۇل يىغمايمەن، ئىلمي كۈچۈمنى بىلىمەن. كاپىرلار قانچە رەت كەلسە ئۇرۇش مەيدانىدا مېنى كۆرەلمەيدۇ ۋە يەنە هەر تەرەپتىن توسالايمەن. تۆمۈردىن چەمبەر قىلىپ، يوغان ئوق ياساۋاتىمەن. ئەگەر قارا چاشقان، قارا كىرپە، قارا قاغىلارنى سويۇپ مىجىپ، يەتتە ـ سەككىز ياغزا دورىنى قوشۇپ، كاپىرلار تەرەپكە ئەزا يوم ئوقۇپ، دەم سالسام دۈشمەنلەرنىڭ كۆزى كۆرمەس بولىدۇ» دەيدۇ. قېرى غوجا ئۆزىنى غاۋسۇل ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەن، دەپ تونۇشتۇرغاچقا، غوجا پەرەستلەر ئەهلى ئىنقىلاپچى ئېكەن دەپ تونىدى. ئەسكەرلەر بۇنىڭ يۇقارقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بەك ئىشىنىپ، ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنىڭ سىرلىق ئىلىملىرىنى سىڭدۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يالغۇز جەڭ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، غوجا ئۇيغۇرلارنىڭ رەسىم، قايدە، ئۆرۈپ ـ ئادەت ئەخلاقلىرى بىلەن ئوبدان تونۇشقاندىن كېيىن، هېلە بىلەن ئۆزىنىڭ مەقسىتى تەرەپكە ئاتلىنىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ياغاچتىن بەش دانە ياغاچ زەمبىرەك ياساش ئۈچۈن، ياغاچچى، تۆمۈرچىلەردىن بولۇپ، قىرىقتەك ئۇستىنى تاللاۋىلىپ، ئۇلارنى بىر نەچچە ئاي ئىشلەتتى. ماتېرىئال ئۈچۈن مىرباقى باينىڭ بېغىدىكى دەرەخلەرنى كەستۈردى. شۇ ئارلىقتا پوچى ماخمۇت، ئەخمەتخان غوجا، سەيدى ئەمىرخان غوجاملار بىلەن نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى باشلاپ، سويدۇڭ، كۇرەلەردىكى سوقۇشقا قاتناشقاندا مۇسۇلمان تۇڭگانلار بۇ پوچى غوجىنى «ئىنقىلاپچى، بىباھا كىشى ئىكەن» دەپ ماختاشتى.

سەيدى ئەمىرخان غوجا دېگەن زاد باياندايى ئازلت بولۇشتىن ئىلگىرى ئۈچ غوجا بىلەن ئەنجان تەرەپتىن كەلگەندى. ئۇلارنىڭ باشلىغى سەيدى ئەمىرخان غوجا ئىدى. ئۇلارنى خەلق ناھايىتى ئىخلاس باغلاپ، ھۆرمەتلەپ، مېھمان قىلىپ تۇردى. ئۇلار باياندايى ئىچىگە ئوق ئېتىش ئۈچۈن پوتەي قۇرۇشنى ئۆگەتتى. ئۆزلىرىمۇ كۆپ ئۇرۇشلار ئۈستىدە بولغاندى. دېمەك ئۇلار ھەشەمەتلىك ئىشلار بىلەن خۇشى يوق، مەقسىتى جەڭ قىلىپ، ئامال بار تېزىراق باياندايىنى پەتھ قىلىش ئىدى. پوچى ماخمۇد غوجا بولسا تارانچىلاردىن 100 كىشىنى مۇنتىزىم ئەسكەر سۈپىتىدە تۇرغۇزدى. ئۇلارنى ياۋروپاچە ياساندۇرۇپ ياساۋۇل قىلدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە بۇ كونا تەدبىرچى ئۇيغۇر (دېھقانلار) ھۆكۈمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەسكەرلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەرگە تەھدىت سالماقچى. بەلكى موشۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى بىلىملىك كۆرسۈتۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى ئىدى. قېرى غوجىنىڭ نىمە مەخسەت بىلەن مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىغىنى كۆزۈتۈپ تۇرغۇچىلار بولسىمۇ، غوجا پەرەسلەرگە بۇ ئىشنىڭ تەھتىنى ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى. قېرى غوجا كۆرۈنىشتە توپلارنى ياساپ ئەسكەرلەرنى رەتلەش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقاندەك بولسىمۇ، ئەمما ھوقۇقنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن ياردىمى تېگىدىغان كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دوست بولۇشقا باشلىدى. قېرى غوجىنىڭ دوستلىرى كۆپىيىپ، ھەتتا ئەخمەتخان غوجىدەك نوپۇزلۇق كىشىلەرنىمۇ ئۆز يېنىغا تارتىۋالغاندى.

سۇلتان مەزەمخان قىرى غوجىنىڭ خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى ئىشىپ ئەخمەتخان غوجىغا ئوخشاش نوپۇزلۇق ئادەملەر بىلەن يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىرى غوجىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشى لازىم ئىدى. سۇلتان بىر قېتىملىق مەجلىسىدە بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۇنى بىر ئالدامچى دېگەن ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىرى غوجىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى: «سىز كەلگۈسىدە بولىدىغان سۇلتان، مەزەمخان سۇلتان سىزنى كەمسىتىپ مەسخىرە سۆزلەرنى قىلىپ، خەلققە يامان كۆرسەتتى» دەپ چىقىشتۇردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىرى غوجىنىڭ كەلگۈسى سۇلتانلىققا بولغان ئىشەنچى ئېشىپ، كوڭلى يورۇپ كەتتى. قىرى غوجىنىڭ مەزەمخانغا قارشى ئەمەلىي ھەركەتلىرى كۆرۈنىشكە باشلىدى. ئۇ ئەخمەتخان غوجا بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى.

بىر كۈنى قىرى غوجىغا بىرسى ئۇزۇندىن بېرى زىنداندا ياتقان بىر ئەۋلىيا زاتنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. قىرى غوجا بۇ ئىشنىڭ ھەسەت بىلەن بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، دەرھال سۇلتان مەزامخانغا موللا نەسىردىن ئاخۇنىنى سولاقتىن چىقارسۇن دەپ كىشى ئەۋەتىدۇ. مەزەمخان سۇلتان بۇ ئىشلارنىڭ نىمە مەقسەت بىلەن بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەسىردىن قازىنى چىقارمىدى. قىرى غوجا بولسا تۆرت چاقلىق ھارۋىنىڭ ئۈستىگە بەش پۇت دېڭگەك ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا بايراق ئېسىپ، ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، زىندانغا بېرىپ، نەسىردىن ئاخۇن بىلەن زىنداندىكى بارلىق مەھبۇسلارنى چىقىرىۋەتتى.

سۇلتان مەزەمخان قىرى غوجىنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىقىنىمۇ، قارىشىلىقىنىمۇ بىلدۈرمىدى. ئىچىدە بولسا غەزەپلىنەتتى. ئۇ بۇ قىرى غوجىنى يوقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھىلە ـ مىكىرلەرنى ئويلاپ ئاخىرى ئۇنى باياندايِ ئۆرۈشىغا ئەۋەتتى. قىرى غوجا كەتكەندىن كېيىن نەسىردىن ئاخۇننى بەزى گەپلەرگە قارىغاندا نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى دېيىشىدۇ.

موللا بىلالنىڭ يېزىشى بويىچە، كۇرە سوقۇشىغا قىرى غوجا سۇلتان بىلەن بىللە باردى. لېكىن سۇلتان ئۆزىنىڭ كۈزەتكۈچى ئەسكەرلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەگەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتە قىرى غوجا، بىر تەرەپتە كېتىپ بارغاندا يولدا نەسىردىن ئەلەم يالغۇز كېتىۋاتاتتى. سۇلتان بۇنى كۆرۈپ: «سولاقتىن قېچىپتۇ» دەپ ۋارقىراپ، ئات چاپتۇرۇپ قوغلايدۇ. ئاخۇنۇم ۋارقىرىغان تەرەپكە قارشى غەزەپ بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرىدۇ ـ دە، قاچىدۇ. ئىتى گۈرۈچ تېرىغان ئېتىزغا كىرىپ، پۈتى پاتقاقتا پېتىپ يىقىلغاندى. قوغلاپ كەلگۈچىلەر ئوق بىلەن يارلاندۇرغاندى. ئەخمەتباقى دېگەن كىشى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. ئاخۇنۇمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، قىرى غوجا ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەرگە يېنىپ، ئەخمەتخان غوجىغا بولغان ۋەقەلەرنى ئۇقتۇردى. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ تۇرغان يەردە سۇلتانمۇ ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن تىنىڭ ـ تىنچلاشتا ئىدى. ئەسكەرلەر بولسا سۇلتان مەزەمخاندىن كۆرە تولاراق پوچى تەرەپتە ئىدى. بۇ ئىختىلاپ ئۇرۇشقا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

ئەخمەتخان غوجا دەسلەپتە مەزەمزات بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئەخمەت بەگ غەزىنچى بىلەن ئوغلىنى، ئاندىن ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ بىلەن ئىسھاقبەگلەرنى ئۆلتۈردى. ئەندى بولسا پوچى ماخمۇتقا قوشۇلۇپ، مەزەمخاننى يوقۇتۇشنى مەسلىھەتلەشتى. مانا بۇ غوجامىلارنىڭ ئەھۋالى.

## مەزەمخان سۇلتاننىڭ ئۆلتۈرۈلىشى

قىرى غوجا ئەخمەتخان غوجا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، باياندايغا قايتىپ، ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن تويلىرىنى سۆرەپ، سۇلتاننىڭ بارگاھىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ مەقسىتى سۇلتاننى ئۆلتۈرۈش ئىدى. قىرى غوجىنىڭ ئەسكەرلىرى ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ، سۇلتان مەزەمخاننى جەلىپ قىلىپ، چېدىرى ئەتراپىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇردى. قىرى غوجا بولسا قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ، ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە تۇردى. بىر چاغدا ئۇ مەزەمخان سۇلتان تۇرغان چېدىرغا ئوق ئېتىشقا بۇيرۇق قىلدى. (مەزەمخان سۇلتان بولسا بۇ نېمە ئىشتۇ، دەپ چېدىر ئىچىدە ئويۇن ـ تاماشىغا قىزىقىپ

قاراپ تۇراتتى). ئەسكەرلەر ھېچنىمنى ئۇقماي، بۇيرۇقنا ئاساسەن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. سۇلتان مەزەمخان ئىشىنىڭ يامان تەرپىنى كۆرۈپ، ئەلى پالۋان باشلىق ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئۇلارغا قارشى ئوق چىقاردى. قىرى غوجىمۇ ياغاچ توپلىرى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئوق چىقاردى. قىرى غوجىنىڭ ياغاچ توپلىرى ۋە ئادەم سانى كۆپ بولغانلىقتىن سۇلتانىنىڭ چېدىرىنى ئورىۋالدى. سۇلتان قورقۇپ قېچىپ، تۆگىلەر بارگاھىغا بېرىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن، ئوردىنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئەسكەرلەر، ئەمەلدارلار چېدىرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. قىرى غوجا سۇلتاننى قوغلاپ بېرىپ، تۆگىلەر بارگاھىدىن تارتىپ چىقىرىپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى شەھەر تەرەپكە ئەۋەتتى. ئەلى پالۋان قېچىپ قۇتۇلدى.

# قىرى غوجىنىڭ سۇلتانلىقى

قىرى غوجا مەزەمخاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بالدۇرقى خانلارغا ئوخشاش خەلقتىن بەيئەت ۋە رەھمانلىق سوراپ ئولتۇرمىدى. ئۆزىنى غۇلجىنىڭ سۇلتانى دەپ جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرۈشلەرمۇ بولمىدى. قىرى غوجىغا خەلق قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بىلەن ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھاكىمىيىتىنى ۋە ھوقۇقىنى چىڭىتىشى لازىم ئىدى. ئۇ ئۇنداق قىلماي ھە دەپلا بارلىق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈشنى خەلققە ئۇقتۇرۇپ، خەلقنى ئۆزى بەگ، ئۆزى خانلىققا قويۇۋەتتى. خەلق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۆلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلدى. بۇ زورلۇق، زۇمبۇلۇقلار ھەددىدىن ئاشتى. «يېغىلىقتا ياغ ئاقار، يامان كىشىگە كىم ياقار»، «ئەل بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ، بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ» دېگەندەك ماقالىلار شۇنىڭدىن قالغان ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدۇر. قىرى غوجا، بەگ ۋە سۇلتانىنىڭ ئوردىلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ بولغاندىن كېيىن، مەزەمخاننىڭ ئوغلى خىزىر غوجىنى 17 يېشىدا ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى. ئەلى پالۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

تاغ ئېچىگە قېچىپ كىتىپ، 2 ـ 3 كۈندىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كەلگەندە قولغا ئالدى ۋە ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. لېكىن كېيىنكى قېتىمقى مەسلىھەتتە ئەلنىڭ پىكرىگە قاراپ، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ، قاماققا ئالدى. ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى غوجىلار قولغا كىرگەندىن بېرى ئۇيغۇر دىياردا ئامەت كۆتۈرۈلدى. سەۋەبى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ غوجاملارغا ئامراقلىغىدىن بۇ غوجىلارغا قارشى ھەركىم سۆزلەشتىن قورقاتتى. چۈنكى غوجىلارنىڭ سوقۇش ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى باتۇرلۇق، پالۋانلىق، ئەقىللىق ھېسابلاپ، يامان ئىشلىرىنى بولسا، غوجا ئەۋلاتلىرىدىن بولغاچقا دەپ ھېساپلايتتى. بۇ نۆۋەت غوجىلار ئۇيغۇر خەلقىگە نىملەرنى كۆرسەتمىدى دەيسىز، ئاپپاق غوجا مۇستەقىل ئالتىشەھەرنى قالماقلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە كىرگۈزۈپ، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىگىنى چىكىگە يەتكىچە يىمىرىپ كەلدى. غوجامنىڭ بۇ ئىشلىرىغا نارازلىق كۆرسەتكىدەك ئۇيغۇر چىقمىدى. تېخى بۇنى تولاراقى تەغدىرگە تەن بىرىش دىدى.

بەگنىڭ چىرىقى چۆرۈلدى.
جاھاننى ئالدى قۇنتەيجى.
خۇدانىڭ تەغدىرى شۇنداق،
ئاتام قالماق بىلەن ناجى.

دەپ ئويلاشتى. ئاپپاق غوجىنىڭ باللىرى ئۇيغۇرلارنى «ئاقتوغ»، «قاراتوغ» دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئالتىشەھەردە قان دەرياسى ئاققۇزدى. بۇنىڭ ھەممىسىنى غوجىلارغا ئىشەنگەنلىكىدىن كۆرەتتى. ئەخمەتخان غوجا ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ چاۋسىنى چىتقا يايدى. قېرى غوجا بولسا خەلق ئارقىلىق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خەلق بىلەن بەگلەر ئوتتۇرسىدا كۆيدۈرگىلىك ئۇرۇقنى چاچتى. بىچارە ساددا ئۇيغۇرلار قارغۇلارچە ئىنتقات ئارقىسىدا ئەخمەتجان غوجىدەك پىتنە ـ پاسات تىرىپ يۈرگەن قاتىل غوجىلارنىڭ يامان كۆرىشىدىن قورقۇپ، قارشى چىقالمىدى. شەخسەن ئەخمەتخان غوجىنىڭ ئۇيغۇر باللىرىغا كۆرسەتكەن كۈنى ئاز بولمىدى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ قىرى غوجىنى ئۆلتۈرۈشى

ئۇيغۇرلاردا غوجا پەرەستلىك شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ، غوجىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇيغۇرلارنى ئويغاتتى. بولۇپمۇ قىرى غوجىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قەتئىي كىرىشكەن كىشى ئارئۆستەڭلىك شەمشىدىن خەلپەم بولۇپ، ئۇ مەزەمخانىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇ قوتلۇق مىراپلار بىلەن يوشۇرۇن مەسلىھەتلىشىپ، قىرى غوجىنى ئۆلتۈرۈپ، سۇلاقتىكى ئەلى پالۋاننى سۇلتان سايلاشقا قارار قىلدى. بۇنىڭ ئىجرا بولىشىغا تۆردى يۈز بېگى مەسئول قىلىندى. تۆردى يۈز بېگى ئارئۆستەڭلىك، غەيرەتلىك يىگىتلەرنى تاللاپ شەھەرگە كىردى ۋە سەھەردە قىرى غوجا ئۇخلاۋاتقاندا تاياق ـ توقماقلار بىلەن قازاق ئۆينىڭ ئوق ـ ياغاچلىرىنى سۇندۇرۇپ كىرىپ، تۆردى باقى يۈز بېگى قىرى غوجىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈردى. ئەخمەتخان غوجا تۆڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. قىرى غوجىنىڭ سۇلتانلىغى ئارانلا 36 كۈن بولدى.

# موللا شاۋكەت ئاخۇنىنىڭ سۇلتانلىغى

قىرى غوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئارئۆستەڭلىكلەرنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئەلى پالۋاننى سۇلتان سايلاش لازىم ئىدى. لېكىن شارائىت بۇنىڭغا يار بەرمىدى. چۈنكى سۇلتان سايلاش ئۈچۈن خەلقنىڭ كۆپچىلىكى رازىلىق بېرىشى زۆرۈر ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا خانلىقنىڭ ئورنى مەھكەم بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى پالۋان توغرىسىدا خەلققە مۇراجىئەت قىلغانىدى. خەلقنىڭ تولىسى موللا شاۋكەت ئاخۇننى سايلاشنى لايىق كۆردى. بىراق سايلام تەبىئىي بولمىغانلىقتىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. ئاخىرىدا كۆپچىلىك موللا شاۋكەت ئاخۇننى سۇلتانلىققا رازى بولۇپ سايلىدى. موللا شاۋكەت ئاخۇن سۇلتان بولۇپ، تەختكە چىقىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىلەن بۇرۇندىن قائىدە بۇلۇپ كىلىۋاتقان ئەمىر قازى كالان ۋە يىقىنلىرىنى يۆلەپ، خانلىقنى ئۆزى يالغۇز مۇستەقىل رەۋىشتە ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئالتە شەھەر غوجىلىرىغا بىر نەچچە كىشى ئەۋەتكەن بولسىمۇ جاۋابى كەلمىدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە ۋەكىللىرىنى ئەۋەتكەندى، ئۇلارنى تىكەستىكى قالماقلار تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇۋەلەر بۇرۇنقى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، قارشى تۇرغانتى، ئۇلارنى باستۇرۇپ، ئالدىنى ئالدى. توققۇزتارانىڭ ئەلى بەگ، هوشۇر باقى مىڭبېشى دېگەن باشلىقلىرى ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەردە ئىدى. توققۇزتارادىن سۇلتانغا قالماقلارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقانلىغى توغۇرلۇق خەۋەر كەلدى. شاۋكەت ئاخۇن يولسىزلىق قىلىپ ئەسكەرلەرنى ئەۋەتمەي، نەتىجىدە قالماقلار ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدى. شۇ قېتىمقى قالماقلار چېپىشىدا يەتتە- سەككىز يۈز جان ئەرلەر ئۆلتۈرۈلدى. بالا - چاقا، خۇتۇن - قىزلار قالماقلارنىڭ قولىدا ئۆلگىچە دەپ، ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاپ غەرىق بولدى. ئامان قالغان بوۋايلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ قىرغىندا بىر تۈمەن جان قازا تاپقانمىش. مۇللا بىلال كىتابىدا 786 مىڭ جان دەپ قەيت قىلىنغانتى. موللا شاۋكەتخاننىڭ ئەسكەرلىرى كۈرەنىڭ «قىزىل دۆڭ» دېگەن يېرىدىن تارتىپ، «جۇسەدۆڭ» دېگەن يېرىغىچە بارگاھ قۇردى. كۈرەدىكى جاڭجۇن بارلىق ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، ئۇيغۇرلار باشسىز قالدى، پۇرسەت غەنىيمەت دەپ، سەنچىڭ لويە دېگەن ئەمەلدارنى باش قىلىپ، 7700 ئەسكەر بىلەن ئۇيغۇرلارغا هۇجۇم قىلىپ، قىرىپ تاشلاشنى بۇيرىدى. بۇ خەۋەرنى تىڭگانلار ئۇقۇپ، شاۋكەت سۇلتانغا خەۋەر قىلدى. شاۋكەت سۇلتان «دۈشمەنلەر ئالدىمىزغا كەلسە ئۇرۇش قىلىمىز، بولمىسا ئالدىغا بارمايمىز» دەپ مانجۇرلارنى كۆزگە ئىلمىدى ھەمدە جىددى تەييارلىقمۇ قىلمىدى. شۇ كىچىسى مانجۇر ئەسكەرلىرى بارگاھنى قوغداۋاتقان قاراۋۇللارنى باستۇرغاندا ئۇلار قىچىپ كەتتى. مانجۇرلار ئۇلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى مانجۇرلارغا قارشى ئاتلانغان بولسىمۇ، تەڭ كىلەلمەي، پىتراپ قېچىپ كەتتى. شاۋكەت سۇلتان پۈتۈن ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەييارلىق

قىلغىچە، مانجۇر ئەسكەرلىرى بارگاھغا يېقىنلىشىپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى بارگاھغا چۈشۈپ تۇردى. توڭگانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قىقاس - چوقان بىلەن جەڭگە ئۆزلىرىنى ئاتتى. بۇ سوقۇش ئەتىسى كەچكىركىچە داۋام قىلىپ، ئىنقىلابچىلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ تۇرغان پەيتتە توڭگان يىگىتلىرى باش بولۇپ، ئومۇمى يۈزلۈك قەھرىمانلارچە جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار مانجۇر چېرىكلىرىنى سىر - توقاي قىلىپ قاچۇردى. مانجۇرلار 100 دىن ئوشۇق ئۆلۈكنى ئېلىپ كىتىشكە ئۈلگىرەلمەي، تاشلاپ كۈرەگە قاراپ قاچتى. بۇ چاغدا كۈرە شەھىرى ئىچىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، مانجۇرلار ئىت - مۈشۈكلىرىنى يەپ تۈگۈتۈپ، ئاخىرى باللىرىنى چەك تاشلاپ يېيىش دەرىجىسىگە باردى. جاڭجۈن خەت يېزىپ، سويدۈڭدىكى مانجۇرلاردىن ئاشلىق ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سۈيدۈڭدىكى مانجۇرلار 100 هارۋا ئاق ئاشلىق، 100 هارۋا قۇناق ۋە ماي، گۈرۈچ تەييارلاپ، بىرنەچچە ئون چېرىك بىلەن كىچىسى كۈرەگە ماڭغۇزغانتى. بۇنىڭدىن غازاتچىلار خەۋەر تېپىپ قالدى - دە، ئۇلارنىڭ ئالدى - كەينىدىن توراپ، مانجۇرلارنىڭ ئۆلۈكىنى سايىنىڭ تىشىدەك دوگىلاپ، ئاشلىق ۋە نۇرغۇن قۇرال - ياراقنى غەنىيمەت ئالدى. قاچقان چېرىك جاڭجۈنگە كىرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ، «ئاچلىقتىن هالىمىز قالمىدى، بۇنداق تىرىك بولغاندىن ئۆلگەنىمىز ياخشى، ئەگەر روخسەت بەرسىڭىز، بۈگۈن كېچە سۈيدۈڭگە بارايلى» دېگەن ئېدى. جاڭجۈن ئامالسىز روخسەت قىلىپ، ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. بىر تەرەپتىن بىلىگىزلىك، مۇراتبەگ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇدىيار يۈز بېگى، ئون بېشى، ئەللىك بېشلار ئۇلارنىڭ چىقىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. مانجۇر چېرىكلىرى چىققاندا سۈلتانغا خەۋەر بەرگەن ئېدى. ياقۇپ بەگنى مۇرت بېگىگە قوشۇپ، بىرنەچچە يۈز ئەسكەر بىلەن يولغا سالدى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن مانجۇر چېرىكلىرىگە توشقان سوققاندەك تېگىپ، سۈيدۈڭگە بارغىچە ناھايىتى كۆپ قىسمىنى يوقاتتى. بۇ جەڭدە لوسەن دېگەن ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلاردىن ئەلى پالۋان ئوك تەرەپتىن چىقىپ، ئاجايىپ مەرتلەرچە جەڭ قىلدى. روزاخۇنمۇ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قەھرىمان دېگەن نام ئالدى. يوقارقى قەھرىمانلار ياكۇر باشلىق تۇڭگان ئەسكەرلىرى، ساندۇخۇزا قورغىنىغا ئاتلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دۈشمەنلەر سېپىل تاملىرىنى تېشىپ، زەمبىرەك ئېتىپ، ئۇيغۇر، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئىمىر ئاخۇن غوجا كىسەك تىزىپ، ئۇنىڭ دالدىسى بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، قايتارما زەربە بەردى. ھەسەن غەزىنچى بەگ، ئىمىن سوپى، ئوسمان يۈز بېشى ۋە رۇستەملەر بۇ جەڭدە شېھىت بولدى. بېشىر بەگنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارادار بولدى. 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غەيرەتكە كەلگەن ياش پىدائىيلار ئاتلىق ۋە بەزىلىرى پىيادە ساندۇخۇزى قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ كۈن چىقىش تەرەپتىكى دەرۋازىسىغا ئوت قويىۋەتتى. تۇڭگانلار بىلەن شەھەرلىك ئۇيغۇر سېپىل ئەسكەرلىرى قىلىۋى (غەرب) دەرۋازىسىنى بۇزۇپ، سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، قوچاقلاشما جەڭ ئېلىپ باردى. مانجۇرلار تاڭ ئاتقانغا يېقىن نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، 100 دەك چېرىگى بىلەن ئاران كۈرە شەھىرىگە قېچىپ بېرىۋالدى. ئىنقىلاپچىلار نۇرغۇن غەنىيمەت ئالدى. ئەسكەرلىرىنى ئولجا ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارلىغىغا قويۇپ بەردى. ئاندىن يېڭى ئەسكەرلىرىنى بۇ قورغاننى ساقلاشقا قويۇپ، بارلىق كونا ئەسكەرلىرىنى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى.

## ئاداققى قۇرغان كۈرەنىڭ ئېلىنىشى

1866 ـ يىلى فېۋرال (2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى ئەلى پالۋاننى ئەمىر تەيىنلەپ، كۈرەنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئەلى يولدا سەندەك جاڭزىلىرىنى ئېلىپ، ئاندىن كۈرە قۇرغىنىنى قۇرشاۋغا ئالدى. تۆرت پالۋاننى تۆرت تەرەپكە بېكىتتى. بۇ چاغدا ئۇزۇن مۇددەت قۇرشاۋدا تۇرغان كۈرەدە ئاچارچىلىق دەھشەتلىك ھالغا كېلىپ، مانجۇرلار يەيدىغان نەرسە تاپالماي، ئاخىرى چەك تاشلاپ بىر ـ بىرىنى يېيىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ئەسىر چۈشۈپ، خورلانغاندىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن ئىلى ئۆلكىسىنى مانجۇرلاردىن تازىلاشقا موشۇ ئاداققى قۇرغاننى ئېلىشقا ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇلار ئىككى يەردىن تۆشۈك ئېچىپ، مانجۇرلارنىڭ ئەدىبىنى بىرىشكە باشلىغان ئىدى. جاڭجۈن چىڭدا لويە دېگەن ئەمەلدارنى چىقىرىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇرلار تەرەپتىن جاپپاش مىراپ، خۇدا بەردى بەگ ۋە ئىرشات مىراپ بەگلەر چىڭدا لويەنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تەسلىم بولۇشقا بويرىدى. چىڭدا لويەن بۇنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە بارلىق قورال - ياراق، - ئوق - دورىلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئەل بولۇشقا ۋەدە بەردى. لېكىن ئۇلار ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقتىن ئىنقىلاپچى تەرەپ ئەلچى ئەۋەتىپ، «جاڭجۈن ئۇمۇمىي يۈزلۈك تەسلىم بولسا، سېپىل ئىچىدىكى پۈتۈن خەلقى بىلەن ئامان قالىدۇ ھەممە كۈرە شەھىرىنى جاڭجۈننىڭ ئىختىيارىغا بېرىمىز» دەپ بويرىدى. جاڭجۈن بۇنى ئاڭلاپ، «ئىككى خۇيزۇ مېنىڭ يېنىمغا كىرسۇن، ئۆزەم سۆزلىشىپ كۆرەي» دېگەن ئىدى. سولتان قۇۋۋا خەلپەم بىلەن ئابۇزەر مىراپبەگنى ئەۋەتتى. ئۇلار جاڭجۈن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، جاڭجۈن كونا مەنسەپدارلىرىنى چىقىرىپ بەرمەكچى بولدى. يېڭى جاڭجۈننىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئەتىسى كونا جاڭجۈن باشلىق تۇ دارىن، پە دارىن، كونا جاڭجۈن سا دارىن، خانىلاداي، جاغىلاداي، باغىلاداي، خوتۈن- بالا چاقىلىرى ۋە مال- مۈلۈكلىرى بىلەن شىمال دەرۋازىسىنىڭ غەربىي تەرىپىنى تېشىپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئەلى پالۋان بۇلارنى غۇلجا شەھەرگە ئەۋەتتى. مانجۇرلار بولسا سېپىل دەرۋازىسىنى باشقىدىن ئىتىۋالدى. ئەلى پالۋان يەنە سەۋىر قىلىپ، بىر نەچچە ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، جاپپاشبەگ، يۈسۈپ بەگ، ئەمىر شاجەبەگ، بەگزادەبەگ، سامساق تۆخچىلارنى يەنە سۆزلىششكە ئەۋەتتى. چىڭدا لويە چىقىپ، يەنە بىر نەچچە كۈن سەۋرى قىلىشنى، سېپىل ئىچىدىكىلەرنىڭ بەك قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بەگلەر يانماقچى بولۇپ تۇرغاندا سېپىل ئۈستىدىن ئۇشتۇمتۇت مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، سامساق تۆخچى شېھىت بولدى. بەگلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، چىڭدا لويەنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى خەندەك

www.uyghurkitap.com

كۆۋرۈكىگە ئېسىپ قويدى. يەنە جەڭ باشلىنىپ خېلى كۆپ پالۋانلار ئۆلدى. ئاندىن سادىر پالۋان لەقمە كۆلاپ، سېپىلنى پارتىلاتقاندى، سېپىلدىن شورا ئېچىلىپ، جەڭچىلەر سېپىل ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئادەتتىن تاشقىرى جەڭ بۇلۇپ، قانلار ئېرىقتا ئاقتى. كەچ كىرىپ، كېچىچە سوقۇش بولغاندىن كېيىن، يېڭى جاڭجۈن ئەل بولماقچى ئىدى، مەسئۇل خادىملىرى بىر ئۆيگە يىغىلىشىپ، قالغانلىرى سۇيدۇڭگە چېكىنىپ، بىر نەچچە ئاي مۇھاسىرىدە تىنىچ ياتتى.

ياز ئۆتۈپ قىش كىردى. باشلىقلارغا خەۋەر كەلدىكى، سۇيدۇڭدىكى مانجۇرلار قېچىپ، قورغاسقا بارغۇدەك، بۇلارنىڭ يېرىمى چېرىك بۇلۇپ، يېرىمى پۇقرا ئىكەن. سۇلتان ئۇلارنى يوقىتىش توغۇرلۇق بويرۇق چۈشۈرگەندە ئەسكەر باشلىقلىرىدىن تارتىپ، جەڭچىلىرىگىچە قىزغىن بولمىدى. چۈنكى كۈن سوغۇق بولۇپ، ئۇلار ئۇتنىڭ ئالدىدىن نېرى بارالمايتتى. ئاخىرى مازارلىق ئىسرائىل قەھرىمان، ئەزىز پالۋان، ئاقتۇپىلىك توقايلىقلار، خۇدا بەردى بەگ بىلەن خۇدىيار يۈزلۈك خۇدا بەردىلەر كىينچە ئەلى پالۋان بىرلىشىپ باردى. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە دۈشمەنلەرنىڭ ئاساسىي كۈچىنى بىتچىت قىلدى. ئازراقى قېچىپ قۇتۇلدى. جەڭچىلەر ئۇلجىلارنى تويغىچە ئېلىپ، شەھەرگە خۇشال قايتتى.

قىش كېتىپ، ياز بولغاندا تۇققۇزتارا خەلقى بۇكتۇرمە ئەسكەر تۇرغۇزدى دېگەن تەشۋىقاتنى قالماقلار ئىچىگە تاراتقانلىقتىن، ئۇلار قورقۇپ، مانجۇرلارغا ياردەمگە كېلەلمىدى.

ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ قېتىمقى سوقۇشنى ناھايىتى پلانلىق، ماھارەت ۋە جاسارەت بىلەن قىلغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ نەتىجىسى ئەلى پالۋانغا مەنسۇپ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەلى پالۋاننى ئەمىر قىلىشنى سولتاندىن تەلەپ قىلدى. سۇلتان ئەلى پالۋاننىڭ ئەمىر بولۇپ، ئەسكەر بېشىغا چىقىشىغا كۆڭلىدە قوشۇلمىسىمۇ، خەلقنىڭ تەلىۋى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئامالسىز ئەمىر قىلىپ بېكىتتى. ئەسكەر

باشلىقلىرى قەھرىمان پالۋانلار سوزنى بىر قىلغاچقا ئاخىر ئەلى پالۋان ئەمىر سايلاندى. بۇ ئىشقا پۈتۈن چوڭ ـ كىچىك مۇبارەك ئېيتتى.

كۇرە شەھىرىنىڭ شىمال تەرەپتىكى ساندۇغ جاڭزا دېگەن يېرىدە مانجۇرلار ناھايىتى كوپ،( قاراۋۇللىرى) مانجۇر مەنسەپدارلىرى ھەم مۇسۇلمان جەڭچىلەرمۇ بار ئېدى. مۇسۇلمان جەڭچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، تەييار تۇراتتى. شاۋكەت سۇلتان باشلىق بارلىق ئەسكەرلەر ئوت قويۇپ، كۈلىنى كوككە سورىدى. كۇرە شەھىرى مانجۇرلاردىن ئازات قىلىندى. كونا جاڭجۇن ئەسىرگە ئېلىندى. يېڭى جاڭجۇن ئۇرۇشتا يوقالدى. چەكسىز ئالتۇن ـ كۈمۈشكە باي جاڭجۇن ئوردىسى پۈتۈنلەي بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرۇلدى. قەھرىمانلارنىڭ ئەركىن نەپەس ئېلىپ ئوينىشىغا قويۇپ بېرىلدى. كۇرە شەھەرنىڭ سوقۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى باي بولۇپ ياندى. ئەسكەرلەر ۋە خەلق خۇشاللىققا چومدى.

## موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سولتانلىقتىن چەتلەشتۇرۇلىشى

مانجۇرلارنىڭ ئاخىرقى تىرىكى كۇرە شەھىرى ئېلىنغاندىن كېيىن ئەتراپىنى ئۇيغۇرلارغا يەنى بۇ قېتىمقى جەڭدە كۈچ كورسەتكەنلەرگە قورا جايلىق قىلىپ بولۇپ بەردى. سۇلتان بولسا ئوز ھوكۇمىتى ئىچىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارماي، ئىشنى بىراقلا تاشلاپ، ھوكۇمەت ئورنىنى مەھكەم چىڭىتمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوزى بىلگەنچە ھوكۇمەت ھوقۇقى يۈرگۈزۈپ، ئوز ئورنىنىڭ مۇقىملىقىنى چىڭىتمىدى. خەلق بولسا توققۇزتارا پاجىئەسىنى سۇلتاننىڭ تەجرىبىسىزلىگىدىن بولغان دەپ قارايتتى. كۇرەنىڭ ئازات بولۇشىنى ئەلى پالۋاننىڭ توغرا قوماندانلىقىدىن دەپ بىلگەچكە ئۇنى خان بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن شاۋكەت سۇلتان بولسا ئەلى پالۋاننىڭ ئەمىرلىك ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاندىن بىر پۇقرا قىلىپ قويغاندى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوغرىلىق خەلق ۋە ئەسكەرلەر روھسىزلىنىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئەلى پالۋان ئەمىر بولسا ئىنتايىن ئىتائەت قىلاتتى، چۈنكى ئەلى پالۋان سوقۇشتا تاكتىكىسى ئۇستون، ئىشنى پىلانلىق ئېلىپ باراتتى. ئۇ ھەم سوقۇشقا كۆپ قاتناشقان ھەم ياش يېگىت ئىدى. بۇ جەھەتتە خەلق ۋە ئەسكەرلەر سولتاندىن «ئەمىر ئەلىنىڭ نىمە گۇناھى بولسا بىز تىلەيلى» دەپ سورىغان ئىدى. موللا شاۋكەت ئاخۇن ماقۇل كۆرمەي، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىدە چىڭ تۇرىۋالدى. ھەتتا تۆڭگان چوڭلىرىدىن ياكىر سۇلتان، سۇسىن باي تېشى، جۇر بىتىشى، لايىنشالرمۇ كېلىپ، موللا شەۋكەت ئاخۇندىن ئەمىرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈك دەپ سورىغان ئىدى. موللا شەۋكەت ئاخۇن بۇلارغىمۇ ئۇنىمىدى.

خۇدىيار يۈزبىدىن ھىلال ھەسەن، ئىمام يۈز بېشى موللام، ھوشۇر ئىماملار كىرىپ، شاۋكەت سۇلتانغا يەنە نەسىھەت قىلدى. ھىلال ھەسەن ئۆز يېرىدە ناھايىتى مۆتىۋەرلىك باي كىشى ئىدى. ئۇ كىشى ئېيتتىكى «ئەي ئاخۇنۇم، بۇ دۇنيا پانى، ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئابرۇيلىرىمۇ پانىدۇر، ئاخىردا ئۇلۇغ دۆلەتمەنلەرمۇ يەر زىمىن ئاستىدا توپراق سۆيەت بولۇپ ياتىدۇ. جەمشىت، فىردەۋس ،موللاجۇر، خىماك، كىتاۋس، كەھھىر، زالدۇر، روستەمى داستان، كۆزۈر ئەينى، كىشۋار ۋە نۇشۇرۋانلاردەك پادىشاھلارغا ھاكىمەتلىك كىشلەر ۋە ئەقىللىق ۋەزىرلەر لازىمدۇر. چۈنكى سىلىگە ئوخشاش كىشىگە قابىل ۋە ئەقىللىق ۋەزىرلەر بولسىلا ئاسانلىق بولۇر، ئەلبەتتە ئەلى پالۋاندەك ئەمىرلەر تىخىمۇ لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى پالۋاننىڭ مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرسىلە، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىلا يۇرت قولدىن كىتەر، ئىشنىڭ ئاخىرى يامانلىققا ئايلىنىپ قالسا ئۇ ۋاقىتتا پۇشايمان قىلغان بىلەن پايدا قىلماس، دۆلەت قولدىن كەتسە يېنىپ كەلمەس. ھەر قانداق كىشى كېسەلنىڭ باشلىنىشىدىن بۇرۇن، دورا ئىچىپ ئالدىنى ئالسا، ئەلۋەتتە كېسەلدىن ئامان قالغىلى بولىدۇ. مۇبادا ئاغرىپ ياتقاندىن كېيىن دورا ھېچ كار قىلماس. مەسىلەن، تىرناق دورىسىنى زەھەر ئىچمەستىن بۇرۇن تەييارلاپ قويسا ياخشى بولۇر، مۇبادا زەھەر ئىچكەندىن كېيىن تىرناق دورىسىنى تەييارلاپ ئىچكىچە يۈرەك باغرى كۆيۈپ تۈگەر، ئەي ئاخۇنۇم بۇنىڭدىن باشقىسىنى

ئۆزلىرى بىلسىلە» دېدى. سۇلتان شاۋكەت ئاخۇن ئېيتتى: «ئەي ئاخۇن راست ئېيتتىڭىز، ئەمما ئەلى پالۋانغا مەنسەپ بەرمەيمەن». ئاخۇنۇم ۋە تۇڭگان ئاخۇنلار: «ئەلىدە نېمە گۇناھ بار؟ ئۇنىڭغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىپ، غەزەپىلەن قارايسىز؟» دەپ سورىغانتى. سۇلتان ئېيتتىكى «ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۆزەم بىلىمەن». ئۇلار ئۇنداق غەزەپلەنسىڭىز ئۆزۈڭىزگە زىيان بولۇر، دەپ نائىلاج قايتىپ كەتتى.

يۇتۇن يۇرت چوڭلىرى ۋە كىچىكلىرى ھەممىسىنىڭ سۇلتاندىن كۆڭلى قالدى. موللا ھىلال ھەسەن ئىمام ئۆز يۇرتىغا قايتىپ چىقىپ، بولغان ۋەقەلەرنى خەلققە سۆزلەپ بەردى. بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر ۋە بارلىق كىشلەر قاش بويىغا بېرىپ، ئەمىر ئەلىگە بەيئەت قىلىپ، ئۇنى سۇلتان سايلاپ، شاۋكەت ئاخۇننى سۇلتانلىقتىن قالدۇردى. ئەلى پالۋان «بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىڭلار، تاكى ئاخۇننىڭ ئاچچىغى يېنىپ قالغىچە» دېۋىدى، خەلق ۋە ئەسكەرلەر ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئەمىر ئەلى پالۋاننى سۇلتان دەپ ئېلان قىلدى.

## ئەلى پالۋاننىڭ سۇلتان بولۇشى

1867 ـ يىلى قاش دەرياسى بويىدا خەلق ئەسكەرلىرى شاۋكەت سۇلتاننى سۇلتانلىقتىن قالدۇرۇپ، ئۇرنىغا «جاھان پالۋان سۇلتان باھادىر غازى ئابۇ ئەلاخان» نامى بىلەن ئەلى پالۋاننى خان سايلىدى. ئابۇ ئەلاخان ئىبراھىم ئوغلى ئىدى. ئەلى پالۋان خان بولغاندىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ بەيئەت قىلدى. پۇقرالار شاۋكەت ئاخۇندىن يۈز ئۆرۈپ، ئەلاخانغا خىزمەت قىلىشقا تەييارلاندى. موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە بەگلىرى شەھەرنى تاشلاپ، سەھراغا چىقىپ كەتتى. بەگزادە بەگ غوجامنىياز ئەلى ئەخمەتخان غوجىنىڭ ئىنىسى توختىئاخۇن ئەلى پالۋانغا بەيئەت قىلىپ، خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن كەلدى. موللا روزى نەمىتى تاھىربەگ، ئابدۇللا ھېمىتبەگ، ئابدۇللا سەدەن بەگلەرنى،

كەرىنچى مەخبىربەگنى، نەدەپ ئاخۇنبەگ، مىرالدىنبەگ، ئازىمبەگ، سىيتۋالدى بەگلەرنى شاك بېگى قىلدى. ئەخمەت غوجىنىڭ ئىنىسى توختى ئاخۇننى ئەمىر قىلىپ سايلىدى. جالالىدىن خەلپەمنى قازى كالام دەپ ئېلان قىلىپ، ھەر قايسى مەنسەپدارلارنىڭ ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇشىغا تەۋسىيە قىلدى. تەبىئىيكى مۇنداق سايلام ۋە سايلاشلار موللا شاۋكەت ئاخۇن ۋە ئەخمەتخان غوجىلارغا توغرا كەلمەيتتى. ئەلاخان سۇلتان ئەخمەتخان غوجىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، «غوجام ئەمدى سىز قېرىدىڭىز، خەلقنىڭ ئامانلىقىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ، ئۆيۈڭىزدە تىچ يېتىڭ» دەپ سەھرادىكى ئۆيگە ماڭغۇزدى. ئاندىن سۇلتان پۈتۈن ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شەھەر تەرەپكە يولغا چىقتى. بۇ خەۋەرنى خۇدىيار يۇزدىكى موللا شاۋكەت ئاخۇنغا ھەسەت قىلغان ھىلال ھەسەن ئاخۇن ئاڭلاپ، تۆلەندى يۈز بېگى، موللا ھوشۇرەن، ئەخمەت ئەللەرنى باشلاپ، نۇرغۇن خەلق بىلەن سۇلتان ئەلاخاننىڭ ئالدىغا چىقتى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن تۆۋەندىكى نەسىھەتلىرىنى قىلدى. «ھەي شاھىم ئۆمرۈڭىز ئۇزۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ھېچ بىر يامان ئىشلارنى قىلماڭ، شەھەر دېگەندە كۆپ ئەھلىلەر بار، ئۇلارغا زىيان زەخمەت قىلمىغايسىز، ئەسكەرلىرىڭىز بىر توخونىمۇ ئۆلتۈرمىگەي، بەزى ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلمىسۇن، شەرىئەتتە قان چىقارماسلىقتۇر، سىزلەرگە بىرسى ئوق چىقارسىمۇ ئاۋال ئوق چىقارماي سەۋىر قىلىپ، ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرگەيسىز، ھېچ ئىش يوق، ئاداۋەت قەستنى دەپ ئۆچ ئالمىغايسىز». ئەلاخان سۇلتان شەھەرگە كىرىپ، ئوردىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، موللا شاۋكەت ئاخۇننى ئۆيىدىن چىقمىسۇن، خاپا بولۇپ، تۆرىدىن چۈشمىسۇن دەپ كىشى كىرگۈزدى.

# ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرسىدىكى چاتاق

ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئىلى ۋىلايىتىنى مانجۇرلاردىن ئازات قىلغۇچە ئىناق ۋە ئىتتىپاق ئۆتكۈزدى. ئۇرۇشلاردا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارمۇ بەزى مەسىلىلەردە ئۇلارغا يول قويۇپ كەلدى. ئۇلارغا دەخلى تەرۆز قىلمىدى. تۇڭگانلارنىڭ باشلىغى ياكۇر تۇڭگانلارغا سۇلتان بولۇپ كەلدى. قاچانكى دۈشمەننىڭ كۈچى تۈگەپ، ئېلى ئازات بولدى، تۇڭگانلارنىڭ ئىشلىرى باشقىچە ۋەزىيەتكە ئۆزگەردى. ياكۇر ئازىراق تۇڭگانلارغا سۇلتان بولىشنى ئويلىدى. ياكۇر تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەپلەر بىلەن يول تۇتۇپ، جىدىي ھەرىكەتكە كەلگەن ئېدى. ئۇ ئوردا ئىچىدىكى تۇڭگانلار باشلىغى داۋۇد خەلپىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوردى. داۋۇد خەلپە ئوردا ئىچىدىكى بارلىق ئۇيغۇر خىزمەتچىلەرنىڭ ئورنىغا ئۆز ئادەملىرىنى قويۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا ئاز كۈنگە قالماي ئىتتىپاقسىزلىق بولىدىغانلىغىدىن خەۋەر تاپقان يېڭىدىن تەسلىم بولغان قالماقلارنىڭ باشلىقلىرى كۆك شىن ئامبال، موكۇ تۆمۈر دېگەنلەر توققۇزتارا، نىلقا، ئولۇستاي ئارقىلىق تۇرغۇتتىن نەچچە مىڭ چېرىك ئېلىپ، ئۇيغۇرلار ئۈستىگە يۇشۇرۇن يۈرۈش قىلغانتى. سۇلتان ئەلاخان بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئەمىر توختى ئاخۇننى چاقىرتىپ، مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن، شەھەر غەزىنىچىگە بارلىق ئىشلارنى تاپشۇرۇپ، ئۇلۇستاي غولىغا بېرىپ، بارگاھ قۇردى. شۇ ئارىلىقتا قالماقلار تەرەپتىن سوقۇش قىلىش خەتلىرى كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى مەنىستىمىگەن ئاساستا تەھدىد سېلىپ، ئۇلارنى غەزەپلەندۈردى. ئاندىن ئىككى تەرەپ جەڭ باشلىدى. بۇ جەڭ بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلدى. ئاخىرى دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولۇپ، ئارقىسىغا چېكىنىپ، تاراشقا باشلىدى. قالماقلار نۇرغۇن چىقىملارنى تارتىپ، يۇرتىغا قايتىشتى.

ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئىتتىپاقسىز بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمىر توختى ئاخۇن سۇلتان ئەلاخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئەلاخان ئۇنىڭغا ئات گۆشىگە زەنجىۋىل سېلىپ، تاماق قىلدۇرۇپ مېھمان قىلغان ئىدى. ئەمىر تاماقتىن كۆپىرەك يەپ قويۇپ، ئۆيىگە بارغاندا ئىچىنى ئاغرىتىپ، تەبىئىتى بۇزۇلۇپ يېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن سۇلتان ماڭا زەھەر بەردىمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ، دەرھال ئەلى تۆرە ئارقىلىق ئاكىسى ئەخمەتخانغا خەت ئەۋەتىدۇ. ئەخمەتخان غوجا دەرھال ئارا ئۆستەڭ، قاشلاردىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن نادانلاردىن كېچىلەپ ئادەم يىغىپ، ئۇلارغا ئەلاخان سۇلتان ئەمىر توختى ئاخۇنغا زەھەر بېرىپتۇ دەپ بارلىغىنى ئەگەشتۇرۇپ، كېچىلەپ توختى ئاخۇننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. شۇ كېچىسى موللا شاۋكەت ئاخۇننى ئالدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تاڭ سەھەر ھەممە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئاتلىنىدۇ. شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ئوردىنىڭ سوراقخانىسىنى بۇزۇپ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىدۇ. ئوردىدىكى ھەممە قاشلىقلار پىتىراپ قېچىپ كېتىپ، سۇلتان ئەلاخان يالغۇز قالىدۇ. ئەخمەتخان غوجىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن جاللاتلىرى يېغىلىپ كەلگەندە بازار باشلىغى ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئەلاخان بىلەن بىرلىكتە ئەخمەتخان غوجىغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا موللا سالىت ئىمام ئەلى تەرەپ قالغان خىزمەتچىلىرى بىلەن خەلق قوزغۇلۇپ سۇلتان ئەلاخان تەرەپتە بولۇپ، سۇلتان ياردەمچىلىرى غالىب كېلىپ، موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجا قېچىپ، تۇڭگانلار مېچىتىگە كىرۋالىدۇ. بۇلارنى تۇڭگانلار ھىمايىسىگە ئېلىپ، چىقىرىپ بەرمەيدۇ. ئۇلارنى يوشۇرۇنچە سۇيدۇڭدىكى تۇڭگانلار تەرەپكە قاچۇرىۋېتىدۇ.

سۇلتانلىقتىن مەھرۇم قالغان موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن مەنسەپ تەگمىگەن نامى قالغان دوستلىرىنىڭ ۋەدىسىدىن مەھرۇم قالغان پىتنە پاسات چاچقۇچى ئەخمەتخان غوجا تۇڭگانلار بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە ساقلىنىدىغان بولدى. ئەمىر توختى ئاخۇنمۇ قېچىپ بېرىپ ، شەمشىدىن خەلپەم قېشىغا بېرىپ يېغلىغانتى. خەلپەم ئۇنى ئارا ئۆستەڭدىكى بىر ئۆيىگە قاماپ قويىدى. تۇڭگانلارنىڭ سۇلتانى ياكۇر ۋەزىرى كىنزى تاز، ماينىزارلار خوشال بولۇپ، «موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجىلار

بىز تەرەپكە ئۆتتى، ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىدىغان بولدى» دەپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن، سۇيدۇڭدىكى تۇڭگانلارغا خەت ئەۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى داۋۇر خەلپەم دېگەن كىشى بۇ ۋەقەنى بىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، ئالى ئەلچى ھېساۋىدا كەلگەندى.

سۇلتان ئەلاخان بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولسىمۇ، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن سۈلھى ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، موللا شاۋكەت ئاخۇنغا خەت ئەۋەتتى. خەتنى موللا زۇليار بىلەن زەيناۋۇر ياساۋۇلغا يەنە ئىككى كىشنى قوشۇپ، تۆرتىنى ئەلچى ھىساۋىدا ئەۋەتكەندى. موللا شاۋكەت ئاخۇن ئاچچىقلىنىپ، «سۇلتان ئەلا شەرىئەتنى بىلمەمدىكەن؟ مەن ئەلا بىلەن ياخشى بولالمايمەن، مېنىڭ سۇلتانلىغىمنى تارتىپ ئېلىپ، مېنى خورلىدى. بۇ يەردە بىز ئەتىۋارلىق كىشىلەردىن بولۇپ، ئەخمەتخان غوجىنى سۇلتان، مېنى ئەمىر قىلىپ كۆتۈرمەكچى بولدى. سىلەر دەررۇ ئارقاڭلارغا قايتىڭلار» دەپ بۇيرىدى. موللا زۇليار ئېيتتىكى «ھەي ئاخۇنۇم ئەھلى ئىلىمنىڭ پەزىلىتى شۇمىتى، سۇلتان بىلەن سىزلەرنى ياراشتۇرماقچىمىز، بۇ سىزلەرگە ھاجىباد ئىماندۇر، بىز سىزنى ئېلىپ كەتمەكچى.ئۆز يېرىڭىزدە شاراپەت تاپارسىز، سۇلتان ئەلاخان قەسەم قىلىپ، بىزلەرنى ئالدىڭىزغا ئەۋەتتى» دېدى. ئاخۇنۇم بولسا بۇلارنىڭ سۆزىگە ئۇنىماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالدى. تۇڭگانلارنىڭ موللا ئاخۇنلىرىمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاخۇنۇمغا «ئەي ئاخۇنكا، قايتقىنىڭىز ياخشىدۇر، غوجام مۇنداق تۇرسۇن، سىز قايتىپ بارسىڭىز يامان ئىشلارمۇ ياخشى ئىشلارغا ئايلىنىدۇ» دېيىشتى. بىراق بىر مۇنچە بەغەرەز تۇڭگانلار بىز ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز، بۇ كەلگەن ئەلچىلەرنى ئاۋال ئۆلتۈرۈمىز دەپ چوقان سېلىشتى. ئەلچىلەر بىر بانالار بىلەن قېچىپ، سۇلتان ئەلاخاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

ئەخمەتخان غوجا تۇڭگانلارغا باش بولۇپ، موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن نۇرغۇن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، سۇلتان ئەلاخانغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. جەڭدە ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇن قىرىلدى. شۇ ۋاقىتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ياكۇر سۇلتان غۇلجا شەھرىدە ئىدى. ئۇ مېخىش ئالدىدا ئىش باشلانغان ھامان سىلەر سوقۇش باشلىغىلار دەپ ۋەزىرى كېنىز تازغا تاپشۇرۇپ كەتكەندى.

ياكۇر بولسا شەھەر خەلقى بىلەن سوقۇش قىلدى. ئالدىنقى جەڭدە تۇڭگانلار ئۈستۈن كېلىپ، ئاق تۆپىگىچە ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قەھرىمانلاردىن قۇۋاش بەگ، ئىسلام موللا، ھوشۇرلار غەيرەتكە كېلىپ، تۇڭگانلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، بىجانىدىل بىلەن غەيرەت قىلغانلىقتىن، ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگەندە تۇڭگانلارنى ئارقىسىغا چېكىندۇرۇپ، چىلپەڭزىگىچە ئاپىرىپ سولاپ قويدى ۋە سېپىل ئىچىگە قورشاپ تۇرۇپ، سوقۇش قىلىپ دۇشمەنلەرنى يوقاتتى.

شەھەر ئەسكەرلىرى بىلەن خەلق بۇ سوقۇشتا ئۈستۈن كېلىپ، ياكۇرنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ياكۇرنى ئۆلتۈردى.

ئەخمەتخان غوجا بىلەن موللا شاۋكەت ئاخۇننى چىلپەڭزىگە سولانغان تۇڭگانلار ئارىسىدىن شەھەرگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئەخمەتخان غوجىنى ساي بويىدا ئۆلتۈردى. موللا شاۋكەت ئاخۇننى زىندانغا سولاپ قويۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تاغارغا سېلىپ، دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈردى. ئەمىر توختى ئاخۇننىڭ تېنىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. قالغان تۇڭگانلار كۈرە شەھىرىگە قېچىپ كەتتى. ئۇيغۇر بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مانجۇر سوقۇشىدىن تۇڭگان سوقۇشى ئىنتايىن قىيىن بولغان دېيىشىدۇ. ياكۇر بىلەن شەھەر ئىچىدىكى سوقۇش ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىنمۇ كۆپ چىقىمدار بولدى. بۇ سوقۇشلارغا سادىر پالۋاننىمۇ تەكلىپ قىلغان ئىدى. سادىر پالۋان: «مەن بولسام قېرىدىم، ئەمدى سوقۇشقا قاتناشمايمەن» دەپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇڭگانلار سوقۇشىغا قاتنىشالمىدى.

كۈرەدىكى تۇڭگانلار باشقىدىن باش كۆتۈرۈپ، سۇيدۇڭ ۋە باشقا يەردىكى تۇڭگانلار بىلەن بىللە قاچقان، مۇككەن تۇڭگانلارنى يىغىپ، مەسلىھەتلىشىپ، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۈچ

ئالماقچى بولۇشتى. بۇ خەۋەرنى سۇلتان ئەلاخان ئاڭلاپ، تۆڭگان ئۇلۇغلىرىغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتى. خېتىدە: «ئەي مۆمۇنلەر! شەيتان كەينىگە كىرمەڭلار، بۇ ئىش ھەر ئىككى تەرەپكە قىپقىزىل زىياندۇر. ئۆتكەن ئىشلار بولسا بۇ بىر قازا، ئەلۋەتتە. ئۇ ئىشلارغا توۋا قىلىپ، نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار، ئەمدى قەستلەشمەيلى، ئىككى تەرەپتىن كۆپ كىشىلەر شېھىت بولدى. بۇنىڭغا رازى بولۇشايلى. ئەگەر رازى بولماي قەسلەشسەڭلار مېنىڭ بۇرۇنقى ئەسكەرلىرىم ھازىرمۇ بار» دەپ يازغانتى. بۇ خەت تۆڭگانلارنىڭ قولىغا تەككەن ھامان، دەررۇ جاۋاپ يازدى. ئۇلار خېتىدە: «سوقۇشتىن باشقا ئىشىمىز يوق، ئەگەر سۇلتان ئەلاخان سوقۇشتىن قورققان بولسا، ئوردىنى تامغىسى بىلەن شەھەرنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن. ئۆتكەن ئىشلارغا ئىنتىقام ئالمىساق كۆڭلىمىز تىنمايدۇ» دەپتو. سۇلتان ئەلاخان بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، قاتتىق خاپا بولۇپ، قېنى يەنە بىر قېتىم ياخشىلىق قىلايلى، ئەجەپ ئەمەس، ئەمىنلىكتىن ئىبرەت ئېلىپ، ياخشىلىققا يۈزلىنىپ قالسا دەپ قاسىمنى ئالدۇرۇپ، تۆڭگانلارغا ئاشلىق، گۆش، ماي ئېلىپ بارغىن، بۇلارنى يەپ تۇرۇپ سوقۇش قىلسۇن ياكى پەيلىدىن يانسۇن دەپ ئۇن، گۇرۇچ، ماي، قويلارنى ھارۋۇلارغا باستۇرۇپ، مىرقاسىمغا بىرنى ھەمراھ قىلىپ تۆڭگانلارغا ئەۋەتىپ بەردى. تۆڭگان چوڭلىرى: «ئەمدى بىزگە قانچە يالۋۇرسىمۇ ھېچ نەرسە كار قىلمايدۇ»، «ئارىمىزدا قىلىچتىن باشقا ھېچ نەرسە قۇتۇلدۇرۇپ ئالالمايدو» دەپ ئاشلىق ئاپارغان ئىككىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ كېيىن بۇلارنى سولاپ قويدى. بۇلار كېچىچە خۇداغا زار-زار يىغلاپ چىققانلىقتىن باققۇچى تۆڭگاننىڭ رەھمى كېلىپ قويۇپ بەردى. ئۇلار قاچقان پېتى شەھەرگە بېرىپ سۇلتان ئەلاخانغا ئەھۋالنى بايان قىلغاندى. سۇلتان ئەلاخان غەزەپكە كېلىپ بارلىق ئەسكەر باشلىقلىرىنى يىغدۇرۇپ، مەسلىھەت قىلىپ، سوقۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن قارار قىلدى. قارار نەتىجىسىدىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئەسكەرلەر قوبۇل قىلىپ يولغا چىقتى. تۆڭگانلار ئاتلىق-پىيادە بولۇپ، قىقاس-چوقان بىلەن رەھىمسىز سوقۇش قىلدى. گاھىدا ئۇيغۇرلار، گاھىدا تۆڭگانلار چېكىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىدىن ھېسابسىز چىقىملار بولدى. ئاخىرى قاتتىق ھوجۇمدىن كېيىن تۇڭگانلار كورە شەھەرگە يۆزلەندى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى كورە شەھەرىگە باستۇرۇپ بېرىپ، تۇڭگانلارغا كۆپ زىيان كەلتۈرگەندىن كېيىن تۇڭگانلار سۈيدۇڭگە قاراپ قاچتى. بەزىلىرى سۇلتان ئەلاخانغا يالۋۇرۇپ تەسلىم بولدى. سۇلتان ئەلاخان يول ـ يوللارغا كەڭ قورساقلىق قىلىپ، گۇناھىدىن ئۆتۈپ، چوسسىن دېگەننى باشلىق قىلىپ، لوچۇر دېگەننى مۇئاۋىن قىلىپ بېكىتتى. ئۇيغۇر جەڭچىلەر بولسا كۆپلىگەن ئولجىلارنى ئېلىپ غولجا شەھەرگە قايتتى.

## سۇلتان ئەلاخان دەۋرىدە بولغان ۋەقەلەر

ئىلى خەلقى مانجۇرلارنىڭ قاتتىق زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئازاتلىق ـ ھۆرلۈك تۇرمۇشقا مۇيەسسەر بولغانىدى. لېكىن بۇ مۇستەقىللىق، ھۆرلۈك ئۇزۇنغا بارمىدى. رۇسىيە جاھانگىرلىگى تۈرلۈك يوللار بىلەن يەنە ئىلى خەلقىنىڭ بويىنىغا قۇللۇق زەنجىرىنى سالماقچى بولدى. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

1) ئىلىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئەسكەرلەر بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە ئورنىتىپ، مەركەزلەشكەن تەرتىپتە ئىش ئېلىپ بارالمىغان ئىدى.

2) مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىغى، دوستلىغى، ئۆز ئارا ئىشىنىشى يېتەرسىز بولغان، مىللىي زىدىيەت ۋە مىللىي نىزالار ساقلىنىپ قالغان. ئايرىم مىللەتلەر ئىلى ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن مانجۇر ھۆكۈمىتىگە ياردەملەشكەن (مانجۇرلار ئىلىدىن قوغلانغاندىن كېيىن چۆچەككە بېرىپ، پويا ئىسىملىق كىشىنى جاڭجۈن قىلغان ۋە ئەسكەرلىرى بىلەنلا شۇ يەردە تۇرغانىدى) .

3) خەلق نادان ۋە قاراڭغۇلۇقتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆتمىش

تارىخىدىن بۇيان مىراس بولۇپ ساقلىنىپ قالغان تۇرلۇك جاھالەت ۋە خۇراپاتلىق ئادەتلىرى ئىچىگە پاتقان بولۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇتىدىغان مەلۇماتلىق زاتلار يوق ئىدى.

4) خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى (تۇرمۇشى) ناھايىتى زەيىپ بولۇپ، مۇنتىزىم ئەسكەر كۈچ ۋە مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

5) ئەڭ مۇھىمى شۇ چاغدا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت خەلقچىلىق ئاساسىدا قۇرۇلماي، بەلكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ خاھىشى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت، ئادالەت، ھەققانىيەت، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات دېگەنگە ئوخشاش خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم نوقتىلىرىدىن يىراق ئىدى. خەلقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېزىلىشى ئازايمىغانىدى. ئايرىم ھوقۇق ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى گۇرۇھلار مەركەزلەشكەن ھۆكۈمەت تەرتىۋى يولغا قويۇلمىغانلىقتىن پايدىلىنىپ، بۇرۇنقىدەكلا ھەر قايسى جايلاردا ئۆزى بىلگىنچە ئۇمومىي خەلق مەنپەئەتىگە بوي سۇندۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارغانىدى.

6) خەلق ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارلىشالمىدى ۋە مەلۇم قانۇنى ئاساستا سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى. مائارىپ ئىشلىرى تەرتىپلىك يولغا قويۇلمىدى. ئالۋاڭ ـ ياساق، ئېلىق ـ سېلىق ئېشىپ كەتتى. يىغىلغان نەرسىلەر ۋە دۆلەت ھەم خەلقنىڭ بايلىقى ئايرىم شەخسلەرنىڭ شەخسى بايلىقىغا ئايلانغانىدى. ئۇ كەيپى ـ ساپاغا سەرىپ قىلىندى. خەلق قان كېچىپ ، ئىنقىلاپ قىلىش نەتىجىسىدە ئازات بولغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا يېڭىلىق كۆرەلمىگەنلىكتىن خەلق ئارىسىدا نارازىلىق كۆپرەك كۈچەيدى. شۇ ۋاقىتلاردا بەگلەرنىڭ دەردىگە چىدىيالماي خەلق دىت ـ پەريات چەككەندى. بۇ ۋەقە ۋە ھادىسىلەر بەگ ـ ھاكىملارنىڭ خەلقنى قانچىلىك ئەزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

7)      ھەربىر تەرتىپ ـ ئىنتىزام، ئىستىھكام، چېگرا سودىسى دېگەندەك يولغا قويۇلمىغانىدى. مانا موشۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋە مۇستەقىل دۆلەتنىڭ نېگىزلىك ئاساسىي زەيىپلىشىپ، ھالاكەتكە يۈزلىنىشكە ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىلىنىڭ چېگاراسى: جەنۇبى مۇزداۋان، غەربى رۇسىيە، شەرقى يۇلتۇز، شىمالى بۇرتالاغىچە ئىدى. ئىلىنىڭ نوپۇسى رويخەتكە ئېلىنمىغانىدى.

1863ـ يىلى ئىلىدا ئىنقىلاپ باشلىنىپ 1864ـ يىلى ئىلى دۈشمەنلەردىن تازلىنىپ، ھۆكۈمەت ئۆز چولىسىنى تاپقىچە بىر ھادىسىگە دۇچ كەلدى. ئەسلى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئازاتلىق ھەركىتى باشلانغان چاغدا يەتتە سۇ ۋىلايىتىدىكى قازاقلار توپ ـ توپى بىلەن قېچىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغانىدى. بۇ ياردەمنى ئۇيغۇر خەلقمۇ ئاياقسىز قويغىنى يوق. ئاق پادىشاھنىڭ زۇلۇمىغا قارشى باش كۆتۈرۈپ، ئارقىدىن نۇرغۇن سەربازلىرى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىگە قېچىپ ئۆتكەن پالتا باي، قازبەگ باشچىلىغىدىكى قازاق پارتىزانلىرىنى سۇلتان ئەلاخان ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ ساقلىغانىدى. يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ گېنېرال گۇبېرناتورى كالپاكوۋسكىي سۇلتان ئەلاخاندىن مەزكۇر پالتاباي بىلەن قازبەگنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەندى. لېكىن ئەلاخان سۇلتان ئۆز ھىمايىسىگە سىغىنىپ كەلگەن قازاقلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىدى. كالپاكوۋسكىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپ، جاۋاپ قايتۇردى.

كالپاكوۋسكىي تەلىۋى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئاچچىقلىنىپ ئالدىراش ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ ئۇيغۇرلار ئۇستىگە ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى بۇرۇن ئىلىغا ساياھەت قىلىپ كىرگەن رۇس تۆرىلىرىنىڭ ۋەسۋەسى (كۇشكۇرتىشى) ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولغانلىغى، شۇنداقلا سۇلتاندىن كۆڭلى قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەشۋىشلىرىدىن بولغانىدى. 1871ـ يىلى باھار پەسلىدە دوبۇن (يەر نامى) ئەتراپىدا رۇس ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ قالغانلىغىنى قاراۋۇللار خەۋەر قىلدى. بۇنىڭغا قارشى توقۇلەك شاك بېگى (ھازىرقى قازاقستان چېگراسى ئىچىدىكى

غالجات مەھەلىسىنىڭ شاڭبېگى) باشچىلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتىلدى. ئۇلار كەتمەن مەھەللىسىدە (ھازىرقى قازاقىستاندا) توقۇنۇشۇپ قالدى. رۇسلار چاپسان ئاتىدىغان توپ - زەمبىرەكلەر ياردىمى بىلەن ئۇيغۇرلارنى سۈرۈپ كەتمەن مەھەللىسىنى ئىشغال قىلدى. ئەمما ئۇيغۇرلار كېچىلەپ ھوجۇم قىلىپ، رۇسلارنى چېكىندۇردى. ئۇلار نۇرغۇن قورال - ياراقلىرىنى تاشلاپ قاچتى. شۇ كېچىسى ئۇقۇشماسلىقتىن غۇلجا شەھىرىدىن ياردەمگە چىققان ئەسكەرلەر بىلەن توقۇلەك قىسىملىرى توقۇنۇشۇپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ كەتتى. تۇن قاراڭغۇسى بولغاچقا غەرپ تەرەپتىن توقۇلەك ئەسكەرلىرى، شەرقتىن شەھەر ئەسكەرلىرى (ئىچىدە ئەلخان سۇلتانمۇ چىققاندى) جەنۇبتىن قازىبەگ قىسىملىرى كەتمەن مەھەللىسىگە ھۇجۇم قىلغاندى.

رۇسلار قۇراللىرىنى تاشلاپ دەرەخلەرگە چىقىۋالغانكەن. تاڭ يورىغاندا دەرھال قوراللىرىنى ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنى يىققاندا قارىسا ئۇيغۇرلار ئۈچ تەرەپ بولۇپ، بىر-بىرىنى قىرىۋاتقانكەن. ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئاۋال كەتمەن مەھەللىسىگە كىرگەندە رۇس ئەسكەرلىرى مىلتىقلىرىنى تىكلەپ قويۇپ، بىخەۋەر تۇرغانكەن. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى ئالماي، باغلاقلىق تۆگىلەرگە ئېلىنغان قۇرۇللارنى غەنىيمەت ئېلىشقا ئۇرۇنغاندا تۆگىلەر ۋارقىراپ كېتىپ، رۇسلار ئويغىنىپ، ئاندىن دەرەخلەرگە قېچىپ چىقىۋالغانكەن.

تاڭ يورىغاندا رۇسلار ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى يەنە قوغلاپ چىققان بولسىمۇ، ئاخىرى رۇسلار مەغلۇم بولۇپ قاچتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئۇلارنى چېگرادىن نېرىغا قوغلاۋەتتى.

كەتمەن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان رۇس ئەسكەرلىرى ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ ياقىسىنى (شىمال تەرىپىنى) بويلاپ غۇلجىغا قاراپ ئىلگىرلەۋاتقانلىقىنى قاراۋۇللار مەلۇم قىلدى. بۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققان شەھەردىكى ئەسكەرلەر تەرتىپسىز لاغايلاپ تۇرغان ۋە ئۇرۇش قىلماستىنلا رۇسلارغا ئەسىر بولغان. تۇنۇگۇنلا كەتمەن ئۇرۇشىدا رۇسلارنى قاچۇرغان باتۇر ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ھېچ قانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا

ۇسلارغا ئەسىر بولۇشىدا ئەلبەتتە بىر سىر بار ئىدى. سۇلتاندىن رەنجىگەن بېشىر بەگ جىلىل ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچى شېرىكلىرى ئىچكى جەھەتتىن زېمىن ھازىرلىغاندىن كېيىن رۇسلارنى چاقىرىپ كەلگەنىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا كەتمەن ئۇرۇشىدا دەككىسىنى يېگەن رۇسلار مۇنداق چاپسان يورۇش قىلىپ كەلمەس ئىدى، دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ گۇمانلارنى شەھەر ئەسكەرلىرىنىڭ تەسادىپى ھەركەتلىرى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ. بۇنى بېشىر بەگنىڭ جەڭچىلىرىدە كۆرۈنگەن تەساددىپي ئەھۋاللار ئىسپاتلىماقتا ئىدى.

بېشىر بەگ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن رۇسىيەدىن خارۇنچە (مەنسەپلىك) دەرىجە ئالارمىش دەپمۇ قەيت قىلىنىدۇ. مانا ئۇيغۇرلارنىڭ 7ـ 8 يىل قان تۆكۈپ، مال ـ مۈلۈك ۋە خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، جېنىنى پىدا قىلىپ ئېرىشكەن ئازاتلىقى بىر نەچچە يۈز سوم مۇكاپات بەدىلىگە قۇربان قىلىندى.

دېمەك، ئاسىيلىق قىلىندى، نەتىجىدە سۇلتان رۇسىيە دۆلىتىگە تەسلىم بولدى. ئۇيغۇرلار يەنە ئاسارەت ئىلكىگە چۈشۈپ قالدى.

## ئىلى ئۇيغۇرلىرى رۇسلارنىڭ قولىدا

1871ـ يىلى رۇسلار ئىلىنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى تۆرت ئۇيېزدىغا (رايونغا) بۆلۈپ، 1ـ رايون غۇلجا شەھىرىدە، 2ـ رايون ئارا ئۆستەڭدە، 3ـ رايون سۇيدۇڭدە، 4ـ رايون قاينۇقتا تۇرغاندى. بۇرۇنقى مېڭبېشى، يۈز بېشى ۋە بەگلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بولۇس قازىلاردىن بەلگۈلىدى. رۇسلار ئىلى ۋىلايىتىنى ئىسلاھ قىلىشتا بۇرۇنقى مانجۇرلارغا قارىغاندا بەك غەيرەت كۆرسەتتى. خوسۇسەن يول ياساشقا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. دېمەك مانجۇرلار دەۋرىدىكى جەبىر ـ زۇلۇملاردىن خەلق بىر ئاز يېنىكلەندى.

1871 ـ يىلى كالپاكوۋىسكىنىڭ بويرىغى بىلەن سۇلتان ئەلاخان ھەمراھلىرى بىلەن رۇسىيەگە يىلىغا 2000 سوم تەمىنات بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ رۇسىيەدە ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋەتىنىنى سېغىنىپ رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، غۇلجا شەھەرگە قايتىپ كەلدى ۋە 1874 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنى غۇلجا شەھەردىكى «تىرەك مازار بوزوروكۋار»غا دەپنە قىلىپ، گومبەز قويۇلغاندى.

رۇسلار ئىلىنى ئىشغال قىلغان 2 ـ يىلى يەنى 1873 ـ يىلى چۆچەكتە تۇرغان مانجۇر جاڭجۈنى پويا ئىلىنى رۇسلاردىن ياندۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئاياگوز قەلئەسىگە بارغاندى. شۇ ۋاقىتتىكى رۇسلارنىڭ پايتەختى پېتىربورگىدىن مەخسۇس ئەلچى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. پويا جاڭجۈننىڭ ئىمتىيازى بولمىغانلىقتىن تەبئىيكى بۇ قېتىم ھېچقانداق شەرتنامە ھازىرلانمىدى.

رۇسىيە ئەمەلدارلىرى: ئىلىنى مانجۇرلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلى ئاھالىسىغا سالايلى ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلايلى دەپ بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارغا ئاڭلاتتى. ئۇيغۇرلار مانجۇرلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، رۇسىيەنىڭ ھىمايە قىلىشىنى ئۆتۈندى. رۇسلار شۇنداق بولغان تەقدىردە ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسىيەگە كۆچىشى لازىملىقىنى ۋە ئۇلارغا يەتتىسۇ ۋىلايىتىدىن يەر ـ سۇ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. رۇسىيە ئىلىنى ئىشغال قىلىپ، يەتتە يىلدىن كېيىن يەنى 1879 ـ يىلى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ جوڭخۇ ئىسىملىق ۋەكىلى بەزى بىر شەرتلەرگە كېلىشەلمەي قايتىپ كەتتى. 1880 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ زېڭ جىرى دېگەن ۋەكىلى پېتېربۇرگقا بېرىپ، 9 مىليون سەر كۈمۈچ، بۇرۇن سىمەر دەپ ئاتالغان يەركەنت، بۆزغۇچىدىن قورغاسقىچە، كەتمەن ئۆزۈنتامىدىن غالجاتقىچە بولغان يەرلەرنى رۇسىيەگە بېرىش شەرتى بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇپ ئېلىش توغرىسىدىكى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

1881 ـ يىلى، 4 ـ ئاينىڭ، 20 ـ كۈنى ئىلىنىڭ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىگىنى گېنېرال ششمارىۋ، نىكولاي پانتىسوۋلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىبارەت كومىسسىيە ئۇيغۇرلارغا ئىيلان قىلدى ھەمدە خەلقنى يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچىشكە دەۋەت قىلدى.

## ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچىشى

1881 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدا تۈزۈلگەن شەرتنامە بويىچە ئىلى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە گېزىتكە بېسىلىپ، ئەلگە بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىلىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى مانجۇر ئەمەلدارى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن ئىلى داۋاملىق رۇسلار قولىدا بولۇپ كەلدى. ئىلى خەلقى مانجۇرلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەندىشە ۋە قايغۇغا چۈشۈپ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ ئاخىرى رۇسىيەگە كۆچۈش قارارىغا كەلدى ۋە يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ گېنېرال گۇبېرناتورىغا ئەرز سۇندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرزىسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«يەتتىسۇ ئوبلۇسىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ئۇلۇق گېنېرال گۇبېرناتور ھەزرەتلىرىگە، غۇلجا شەھەر ـ سەھرالىرىنىڭ پۇخرالارنىڭ سۇنغان ئەرىزنامىسى.

1881 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 11 ـ كۈنى ئۇتۇنۇپ ئەرزى قىلىمىزكى بىز غۇلجا خەلقى سۇلتان ئەلاخان باشلىق چوڭ ـ كىچىك پۇخرالار چىن كۆڭلىمىز بىلەن 1871 ـ يىلىنى باشلاپ ئۇلۇق ئەزەم ئاق پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە قاراپ ئۆز ئوقتىمىزنى قىلىپ تۇرغاندۇق. ئەندى شەھەرنى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە بەرگىدەك، بۇنىڭدىن ئىچىمىزگە ۋەھىمە چۈشۈپ ئەندىشىدە قالدۇق. مۇمكىن بولسا ئۇلۇق ئەزەم ئاق پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە قاراپ كەتسەك، قايتىپ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قاراشقا رازىلىغىمىز يوق. ئۇلۇق مەرھەمەتىڭىزدىن ئۆتىنىپ ئەرزنامە سۇندۇق. چوڭ كىچىكنىڭ ئىتتىپاقى

بىلەن مۇھىرلىرىمىزنى باستۇق. بۇ ئەرىزنامىگە بولۇس، قازىلاردىن 24 كىشىنىڭ مۆھىرى بېسىلدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

يۇقۇرقى ئۆستەڭدىن: ئابابەكرى بولۇس، روزى بولۇس، سوفى نىياز، زىكرىيا بولۇس، توختى، مۇھەممەت بولۇسبەك، تۆۋەندىكى ئۆستەڭدىن: موللا ھۆسەيىن، مەغپىرەت ئىسھاق، ئابدۇماناپ قازى بىن ئابدۇرازاق، غوجا ئەمرى قازى بىن توختى، تاھىر قازى، ناسىر قازى، ئىمىن قازى، سادىر قازى ۋە باشقىلار».

تۇڭگانلارنىڭ ئەرىزنامىسى مۇنداق يېزىلغاندى:

«ئۇلۇق، ئادالەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك گۇبېرناتورىمىزگە، چوڭ-كىچىك پۇخرا تۇڭگانلاردىن ئەرىز:

كەمىنە بىزلەر ئاڭلىساق نۇرغۇن خەلقلەر بىر-بىرىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئېيتادۇركى، غۇلجا شەھەرى يەنە مانجۇرلار ھۆكۇمىتىگە ياندۇرۇپ بېرىلىپتۇ. بۇنىڭدىن چوڭ - كىچىك بارچە خەلقىمىز، خاتۇن-باللىرىمىز تولا قورقادۇر. شۇل سەۋەپتىن ئۇلۇقتىن ئاڭلاپ كۆرسەك، كۆڭلىمىز بىر تەرەپ بولسا دەپ جاناپلىرىغا ئەرىزە يوللىدۇق. ئۇلۇق راست سۆزىنى ئېيتىپ، بىز پۇخرالارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلسا كېرەك». بېسىلغان مۇھىر-جەمى تۆرت، بىرسىنىڭ ئىسمى - بىن ئابوت، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى-ئىسھاق،قالغان ئىككىسىنى بىلەلمىدۇق.

بۇ ئىككى ئەرىزنامە مەخسۇس ئەلچى ئارقىلىق گۇبېرناتورغا يەتكۈزۈلدى. كالپاكوۋسكىي تۈركىستان گۇبېرناتورىنىڭ 20-ئىيۇندا بەرگەن يوليۇرۇغى بويىچە بۇلارغا كۆچۈشكە روخسەت قىلغان خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر، تۇڭگانلار بىرلىكتە رۇسىيەگە چىقىپ، يەر سۇ كۆرۈپ كېلىش ۋە ئۆي - تام سېلىشقا كېرەكلىك ياغاچ-تاشلارنى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىللەر سايلاندى. كالپاكوۋسكىي ئۇلارغا چىلەك دەرياسى بويىدىكى يەرلەر بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتىپ، ئەگەر بۇ يەرلەر يەتمىسە ياكى يارامسىز دەپ قارالسا چۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ھەتتا ئەۋلىيا ئاتاغىچە يەر ئىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يۇرت سايلاپ

يەرگەن ۋەكىللەر ئىلى رۇسلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئىلىنىڭ جەنۇبى قىسمىغا ناچالنىك بولۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار ئىززەتوۋ دېگەن پولكوۋنىك باشچىلىقىدا 1881ـ يىلى 3ـ ئىيۇلدا يولغا چىقىپ. 27ـ ئىيۇلغىچە غالجاتتىن قارابالتاغىچە بىكار ياتقان يەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار باشقا يەرلەرگە بارماستىنلا قايتقان. نەتىجىدە ھەر بىر بولۇس ۋەكىللىرى كۆرگەن يەرلەرنى ئۆز بولۇسلىرىغا تۆۋەندىكىچە بۆلۈشىپ ئالغان.

1. چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ، بايانقازاق يەرلىرى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ سول قانتىدىكى (جەنۇبىدىكى) بىرمۇنچە يەرلەر 839 تۈتۈنگە يەنى خونخاي بولۇسىغا بۆلۈنگەن.

2. چارىن دەرياسىنىڭ تۆۋىنىگە ھەر قايسى بولۇسلاردىن يىغىپ ـ تىرىپ 500 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

3. چىلەكنىڭ شىمالىغا ئۈچ بولۇس (قاش، قاينۇق، بوربۇسۇن) دىن 2445 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

4. چىلەك دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا تۆرت بولۇس (قاش، ئارئۆستەڭ، بايتوقاي، ئارابوز) دىن 2694 تۆرتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

5. ئاتامقۇلنىڭ تۆۋىنىدىن (ۋەكىللەر ئاۋۋال تورگۇن سۈيىنى ياقىلاپ يەر تۇتقانىكەن، كېيىن نىمىشقىدۇر ئۇنداق بولماپتۇ) ھازىرقى قاراسۇ بولۇسقا 1656 تۈتۈن (نىلقا، توققۇزتارادىن چىققانلار ھەم بىر ئاز شەھەرلىكلەر) ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

6. چۇ دەرياسى بىلەن ئاقسۇ ئارىلىغىدىن تۇڭگانلاردىن 1410 تۈتۈن ھەم شەھەر ئەتراپى ۋە شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، 3340 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، لېكىن تۇڭگانلاردىن بىر مۇنچىسى بىرىپ قارىسا ئۇ يەرگە بەلگۈلەنگەن ئۇيغۇرلار ھازىرقى يەركەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇۋالغان، بۇرۇن ۋەكىللەر پىلان بويىچە ئۇ يەرلەرنى كۆرۈپ كەلگەنىدى. دەرۋەقە بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يەتتىسۇنىڭ يەر ـ زېمىنى ئۆلچەنمىگەن ۋە ياخشى ـ يامان، سۇلۇق ـ سۇسىز يەرلەر ھساپقا ئېلىنمىغانلىقتىن ۋە غالجاتتىن ـ قاراپالتاغىچە 1030 چاقىرىم يەر ئاتلىق 24 كۈن ئىچىدە كۆرۈپ

چىقىلغانلىقتىن ياخشى ـ يامان يەرلەر ئۆبدان ئايرىلمىغان. ئەل ـ يۇرت كۆچۈرۈشكە تەييارلىق قىلىپ تۇرغاندا ئىچكىردىن ئىلىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان مانجۇر ئەمەلدارى 1881 ـ يىلى ئىيۇننىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە يېتىپ كېلىپ، ئىلىنى توختاۋسىز قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئەل ـ يۇرتقا جاكارلىغان. «مانجۇرلار ئۇيغۇرلارنى، تۇڭگانلارنى رۇسلارغا بەرمىگىدەك، ئۇنداق قىلغىدەك، مۇنداق قىلغىدەك...» دېگەن ئۆسەك پاراڭلار بىلەن ئەنسىرىشكە قالغان خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ كەلگەن مانجۇر ئەمەلدارى ئىلىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى ھەممە يېزا ـ كەنتلەرنى ئارىلاپ، خەلقنى مانجۇرلاردىن قورقىماسلىققا، ئىلاجى بار ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي تۇرۇپ قىلىشقا نەسىھەت قىلدى. ئەمما خەلق كۆچۈپ كېتىش ھەققىدە ئۇزۇل ـ كېسىل تىلەكلىرىنى بىلدۈرگەن. كۆچمەنچىلىكتە بولىدىغان مۇساپىرلىق، ۋەتەنگە مۇھەببەت، يەر ـ سۇ كامچىلىغى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپمۇ خەلقنى توختىتالمىغان. خەلق كۆچۈپ كېتىش ئۈچۈن بۇ ئەمەلداردىن ئىككى يىللىق مۆھلەت سورىغان. ئەمەلدار خەلقنىڭ بىر يىل ئىچىدە يەنى 1882 ـ يىلغىچە كۆچۈپ چىقىپ بولۇشنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆچۈش باشلانغان ۋاقىتتا ئەھۋال قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن خەلقنىڭ تەلۋىدەك بولۇپ، كۆچۈش ۋاقتى 1883 ـ يىلى 10 ـ مارتقىچە سوزۇلغان. مانجۇر ئەمەلدارى كۆچمەنلەرنىڭ تىزىمىنى ئالغاندا ئۇيغۇرلاردىن 11 مىڭ 365 تۈتۈن، تۇڭگانلاردىن 1308 تۈتۈن، جەمئىي 12 مىڭ 673 تۈتۈن (تەخمىنەن 51 مىڭ جان) بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 2000 ئۆيلۈك كىشى ئۈچۈن ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىسىدىن يەر ـ سۇ بېرىلىپ، قالغان 10673 تۈتۈن ئۈچۈن باشقا يەردىن يەر ـ سۇ بەرمەك بولغان.

## تۇڭگانلارنىڭ كۆچۈشى

تۇڭگانلارنىڭ كۆچۈشى 1881 ـ يىلى كۈزدە باشلاندى. بىرىنچى قېتىمدا 14 ئۆيلۈك تۇڭگان كۆچۈپ، ئالمۇتىدا قىشلىدى. ئۇلار بىلەن بىللە 1001

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆيلۈك ئۇيغۇر كۆچۈپ ئارلن دېگەندە چېلەككە يەرلەشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋال چىققانلىرى پۇتۇنلەي كەمبەغەللەر ئىدى. شۇ يىلى قىش بالدۇر كېلىپ، ئۇلار قىشنى كىگىز ئۆيلەردە ئۆتكۈزۈپ، كۆپ قىيىنچىلىقلارغا يولۇققانلىقتىن كۆچۈش توختاپ قالغان. 1882 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ كۆچمەكچى بولغان. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ ھېچقانداق ئۇزۇق ـ تۈلۈگى ۋە تېرىيدىغان ئۇرۇقلىرى بولمىغانلىقتىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ مۇراجىتى بىلەن فېۋرال ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا گېنېرال گوبېرناتور تەرىپىدىن چېلەك، تۈرگەن ۋە پىشپەككە ئاشلىق تويلاش تاپشۇرۇلغان. بۇ راسخوتلارنى مانجۇر ھۆكۈمىتى ئالاھىدە شەرتنامە بويىچە تۆلەشكە كېلىشكەن. 9 مىليون سوم ئاخچىدىن 450 مىڭ سومنى غۇلجا كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىغا سەرىپ قىلماقچى بولۇپ، بۇ پۇلدىن 50 مىڭ سومنى كۆچمەنلەرگە ئوزۇقلۇق ۋە ئورۇقلۇق ئاشلىق ئۈچۈن سەرىپ قىلغاندى. كۆچمەنلەرگە بېرىلگەن بۇ ئاخچا ئۇلارغا قەرز ھېساۋىدا بولۇپ، ھەر يىلى سېلىق يىغقاندا قوشۇپ يىغىۋېلىنغان. شۇ چاغدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پىشپەك ئۆيىزدا 3235 سوم 18 تىيىنگە 9211 پۇت (بىر پۇت 16 كىلوگىرام) ئاشلىق، ئالمۇتا ئۆيىزدا 3636 سوم 60 تىيىنگە 12.202 پۇت ئاشلىق تەييارلانغان.

كۆچمەنلەر شۇ يىلى قىش بويىچە كۆچۈشكە ھازىرلانغان. چېگارىغا يېقىنراق بولۇسلاردىن خەلقلەر دەريادا مۇز قاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى دەريانىڭ جەنۇبىغا يەتكۈزۈۋالغان.

1882 ـ يىلى رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئەتىيازدا ئىلى دەرياسىغا 3 ـ 4 كېمە سالدۇرۇپ، كۆچمەنلەرنى كۆچۈپ چىقىشقا ماڭغۇزغان. ئالمۇتا بىلەن ئىلى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چارىن ۋە چېلەك سۇلىرىدىن ئۆتمەك قىيىن بولغانلىقتىن مەخسۇس كۆرۈكلەر ياسالغانىدى. ھۆكۈمەت رۇسىيەگە ئالدى بىلەن تۇڭگانلارنى كۆچۈرۈشكە تىرىشقان. سەۋەبى، كۆچۈش مەسىلىسى چىقىش بىلەن تەڭ مانجۇر ـ تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئېھتىمال ئىدى. ئۇلارنى بالدۇر كۆچۈرۈش مەقسىتىدە

ئۇبلاستىن مەخسۇس كىشى ئەۋەتىلىپ، 914 هارۋىدا 486 ئۆيلۈك 2454 تۇڭگان كۆچۈرۈلۈپ چىققان. ئۇلارغا توقماق ئۇيېزىدىكى(رايوندىكى) هازىرقى پىشپەكنىڭ سوقۇلۇق دېگەن يېرىدىن يەر - سۇ بېرىلگەن. بۇ كۆچمەن تۇڭگانلارنىڭ كۆپىنچىسى كەمبەغەل ۋە سودا سىتىق، هۈنەر -كاسىپ قىلىدىغان بولغاچقا 1308 ئۆيلۈك تۇڭگاندىن پەقەت 350 تۈتۈن توقماق رايونىغا كەلگەن. ئۇلاردىن 200 تۈتۈن سوقۇلۇققا كەلگەن. قالغان 150 تۈتۈنى پىشپەك شەھىرىدە قېلىپ، شەھەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 115 تۈتۈنى ئالمۇتىدا شەھەرلىك هۆكۈمەتىدىن يەر- جايلىق ئېلىپ ئالمۇتىغا ئورۇنلاشقان. 100 تۈتۈنى چېلەك بىلەن تۈرگەن ئوتتۇرسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ئورۇنلىشىپ قالغان. شۇ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىدە 600 تۈتۈن ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارلىغىغا ئورۇنلاشقان.

1884 - يىلى كۈزدە پۈتۈن سوقۇلۇققا 318 تۈتۈن 1565 جان كۆچۈپ كەلگەندى. ئۇلارغا بۇرۇنقى سۆيدۈڭدە بولۇس بولغان مادىراخۇن دېگەن كىشى بولۇس بولۇپ، 1883 يىلى تۇڭگانلار نامىدىن ئاق پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ «خارۇنچە» دېگەن ئۇنۋاننى ئېلىپ قايتقاندى.

تۇڭگانلاردىن پىشپەككە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ جەمي 208 - تۈتۈن 644 جان، ئالمۇتىغا كەلگەنلىرى 146 تۈتۈن 694 جان، يەركەنت شەھەرگە كەلگەنلىرى 33 تۈتۈن 1347 جان بولۇپ، پىشپەك، ئالمۇتىدا تۇرۇپ قالغانلار كۆكتاتچىلىق، سودا - تىجارەت ۋە هارۋىكەشلىك بىلەن شۇغۇللانغان. قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمي دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرقىلاردىن باشقا ئالمۇتا رايونىدىكى تارانچىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 146 تۈتۈن 694 جان بولۇپ، ئۇلار پەقەت دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. هازىرقى ۋاقىتتا بۇلاردىن قۇرام بولۇسدا بولغانلىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم «قىزىل جىگدە» قىشلىغىدا ياشاپ كەلمەكتە. لېكىن قاراسۇ بولۇسىدا تۇرغانلارنىڭ (پالتا بايىدا 85 تۈتۈن، يېڭىشەھەردە 90 تۈتۈن) هەممىسى دېگىدەك باشقا جايلارغا يەرلىشىپ كەتكەندى. ئومۇمەن غۇلجىدىن كۆچۈپ

چىققان تۆڭگانلارنىڭ سانى 1884 ـ يىلىدا 1147 تۈتۈن 4682 جانغا يەتكەن. بۇ ھېسابقا قەشقەردىن كۆچۈپ چىققان تۆڭگانلار كىرمەيدۇ.

بېرىلگەن ياردەمنىڭ ھېسابى: تۇقماق ئۇيېزدىكىلەرگە 8241 سوم 78 تىيىن، ئالمۇتا ئۇيېزىدىكىلەرگە 668سوم 10 تىيىن، يەركەنت ئۇيېزىدىكىلەرگە 500 سوم، جەمى ئۈچ ئۇيېزدىكىلەرگە 9409سوم 88 تىيىن بېرىلگەن.

## ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى

1882 ـ يىلى 10 ـ مارتتا رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە رەسمىي تاپشۇرۇپ بەردى. ئىككى خىيالدا قالغان خەلققە بۇ ۋەقە ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلدى. خۇسۇسەن «مانجۇر ھۆكۈمىتى ئەندى كەلمەيدۇ» دېيىشكە ئورۇن قالمىغانلىقىنى كۆرگەن خەلق قايتىدىنلا كۆچۈشكە ھازىرلاندى.

ئاما ئۇلاردا ئۇزۇقلۇق ئاشلىق بولمىغاچقا ھۆكۈمەت 1882 ـ يىلى كۈزگىچە دېھقانچىلىق قىلدۇرۇپ، ھەر بىر قىشلاقتىن بىر قانچە ئۆيلۈك ئادەم قالدۇرماقچى بولغانىكەن. لېكىن قاتتىق غەم ـ قايغۇغا چۈشكەن خەلق بۇ مەسلىھەتكە كۆنمىگەن. ئاقىۋەت ھەر يۇرت بولۇسلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرى ئاشلىق يىغىلىپ بولغىچە خەلقنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بولغان ۋە شۇنداق قىلىپ خەلقنى توختاتقان. بىراق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە قالغانلىقتىن كۆچۈپ چىققانلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ئىناۋەتلىك، ئابرويى بولمىغاچقا خەلق ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلماي كۆپ ئاۋارىچىلىقلار بولغاندى.

كۆچمەنلەر بىرىنچى قېتىم شۇ يىلى مارتنىڭ ئوتتۇرلىرىدا خونخايدىن كۆچۈشكە باشلاپ، چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ ۋە بايانقازاق يەرلىرىگە 26 ـ مارتقىچە يېتىپ بېرىپ، يەر ھايداپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى تۈزەشكە كىرىشكەن. ئۆزلىرىنىڭ كونا يۇرتى بىلەن يېڭى كۆچۈپ چىققان ئاقسۇنىڭ

ئارلىغى 70 ـ 80 چاقىرىم كېلىدىغان بولغاچقا شۇ يىلى قىشنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن. ئاشلىقلىرىنى چانا بىلەن ئېلىپ كېلىۋالغاچقا ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلمىغان.

غۇلجىدىكى خونخاي بولۇسى 839 تۈتۈن ئېدى. بۇنىڭدىن 675 تۈتۈن كۆچۈپ چىققان. بۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىلى، خونخاي مازار بولۇسلىرىدىنمۇ بىر مۇنچە تۈتۈن قوشۇلۇپ، جەمىي 1234 تۈتۈن 5933 جان ئادەم بولغان. شۇ چاغدا يوقارقى ئۈچ يۇرتنىڭ ئۈچ ئۆستىڭى (ئىككى ئاقسۇ بايانقازاق سۇلىرى) شۇنچە كۆپ جاننى تەمىنلەپ كېتەلمىگەنلىكتىن ھۆكۈمەت 40 مىڭ دېسات يەرگە سۇ يەتكۈزمەكچى بولۇپ، 1883 ـ يىلى ئەتىيازدا «سارتۇقاي»نىڭ ئۇدۇلىدىن بۇرۇنقى «ئەسلى قالماق» ئېرىقىنىڭ ئىزى بىلەن ئۆستەڭ چېپىپ، 12 چاقىرىم يەرگە يەتكۈزگەن ۋە 11 مىڭ دېسات يەرنى كۆكلىتىشكە سۇ بىرەلەيدىغان ئېرىق ئۆستەڭنى رېمونت قىلغان.

مانجۇرلار قولىدا ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە ھاشارغا ئىشلەپ قىرچىلىپ كەتكەن خەلق بۇ زەيكەش، شور تاڭلىق يەردە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلەشكە كۆنمىگەن. شۇنىڭدەك بۇ يەرگە تېرىلغان ئاشلىق ئوبدان بولۇپ قالسا ئالۋاڭ ـ ياساقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەرمىكىن دېگەن خىيال بىلەن شۇ يىللىغى ھۆكۈمەت تەرەپىدىن يېڭى ئۆستەڭ چېپىلغان يەرلەرگە پەقەت 26 دېسات ئاشلىق تەرگەن. تېرىلىدىغان ئورۇقنى قورۇپ چاچقاچقا ئۇرۇق ئۈنمىگەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھۆكۈمەتمۇ ئېتىۋار بەرمىگەن.

## ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ ئۆسەك ۋە قورغاسقا كۆچۈشى

ئاقسۇ، چارىنلارغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئۇيغۇرلار ئۆسەك بىلەن قورغاسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەسلىدە رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار بىلەن مانجۇرلارئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يەرگە قازاق،

رۇسلاردىن ئورۇنلاشتۇرۇشنى پلانلىغان بولسىمۇ، بىراق 1881 ـ يىلى «ئىلىنى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلغىدەك» دېگەن خەۋەردىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئۇيغۇرلاردىن خېلى نۇرغۇن كىشى ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارلىغىدىكى بوش يەرلەرگە دېھقانچىلىق قىلغان ۋە كۆچۈپ چىقىپ ئورنىلىشۋالغان ھەمدە غۇلجىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمەتىنىڭ مۇراجىتى بىلەن گېنېرال گۇبېرناتور 1882 ـ يىلى 12 ـ يانۋاردا 1500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ۋە 500 ئۆيلۈك تۇڭگانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭدەك ئۆسەك يېنىدىكى بۇرۇنقى سولۇنلار شەھرىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى يەركەنت شەھرى سىلىنىپ، ئۇيغۇر، تۇڭگانلاردىن سىرت رۇسىيە پۇقراسى بولغان سودىگەرلەرنى كۆچۈرۈپ كەلگەن. ھۆكۈمەتنىڭ بۇلارنى كۆچۈرۈپ چىقىشىدىكى مەقسىت يەركەنت چېگراغا يېقىن بولغاچقا چېگاراغا قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ئاسانلاشتۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەرنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدىكى سودا ـ سېتىق شەھرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى پلانلىغان.

بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققانلاردىن باشقا ئۆزى باشقا جايغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، كەمبەغەللىگى ۋە يولنىڭ يىراقلىغى سەۋەبىدىن بارار جايىغا يېتەلمەي قالغان باشقا يۇرتلۇق ئۇيغۇر، تۇڭگانلارمۇ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

1882 ـ يىلى ئىيۇندا گېنرال گوبېرناتور ئۆزى كېلىپ، كۆزدىن كۆچۈرۈپ، نەچچە مىڭ يىللار ئاق ياتقان ئاي دالانى كۆچمەنلەر ئىشلەپ ئاۋات قىلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، چېگراغا يېقىن قورغاس بويىدىن 500 ئۆيلۈك قازاق ئورۇسقا چۆپلىگى بىلەن 30 مىڭ دېسات يەر قالدۇرۇپ، قالغان يەرلەرنى ئۇيغۇر، تۇڭگانلارغا بىرىشكە ۋە بۇرۇن كەلگەن 12 مىڭ ئۆيلۈك ئۈستىگە يەنە 1500 ئۆيلۈق ئادەم قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلغان.

# بېرىلگەن ياردەملەر

بىرىنچى قېتىم غۇلجا ئەتراپىدىكى يۇرتلاردىن كەمبەغەللەر كۆچۈپ چىقالماي 700 ئۆيلۈك كىشى غۇلجىدا توپلىشىپ قالغاندى. بۇلارنى كۆچۈرۈپ

چىقىش ئۇچۇن ئۆسەك بىلەن قورغاستىن 700 هارۋۇ ئەۋەتىلدى. كىرا ھەققى ئۇچۇن ۋەلىباي يولداشۇۋ 3500 سوملۇق مال ياردەم قىلغان. ھۆكۈمەت يول راسخوتىغا 4800 سوم پۇل بەرگەن. شەرتنامە بويىچە رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1882 ـ يىلى 10 ـ مارتتىن بۇرۇن غۇلجىنى تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن مانجۇرلار بىلەن ئوتتۇرىدا يەنە چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ (چۇنكى بۇ چاغدا كۆچمەنلەر ئارىسىدا بۇلاڭچىلار بولۇپ، مانجۇرلارغا نۇرغۇن زىيان يەتكۈزگەندى) 5 ـ مايغىچە بوشۇتۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشەردى.

رۇسىيەگە فېۋرال ئېيىدا غۇلجىدىن 500 ئۆيلۈك كۆچۈپ چىقتى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆچمەنلەر كۆپىيىپ كەتتى. 1882 ـ يىلى تېرىلغۇ ياخشى ھوسۇل بەرمىگەنلىكتىن كۆچمەنلەر ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلىپ قالغاندا ھۆكۈمەت 2500 سوم ياردەم بەردى. يەنى قەرىز ھېسابىدا 10 مىڭ 500 سوم ياردەم قىلدى. 1883 ـ يىلغىچە يەركەنت ئۇيېزدىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەرنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: ئۆسەك، قورغاس ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيغۇرلار 2479 تۈتۈن، 9489 جان، تۇڭگانلار 333 تۈتۈن، 1347 جان، ئاقسۇ ـ چارىن بولۇسى: 1107 تۈتۈن، 5346 جان.

يەركەنت ئۇيېزىدىكى ئۇيغۇرلار 4346 تۈتۈن، 18 مىڭ 616 جان بولغان. ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارلىقىدىكى ياخشى يەرلەردىن ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇيغۇر، تۇڭگانلارغا بەرگەنلىكتىن دېھقانچىلىقى ئوبدان ئوخشىغان. بىر يىل ئۆتمەيلا ھۆكۈمەت سېلىق ئېلىشقا باشلىغان. بۇنىڭ سىرتىدا قازاق، رۇسلارغا ئايرىپ قويغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا قايتۇرۇپ ئېلىۋالغان سەۋەبىدىن كۆچمەنلەرگە كۆپرەك سۇسىز يەرلەرلا قالغان. شۇڭا ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالغان 8100 دېسات يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. يەركەنت ئۇيېزدىدا يەر، سۇيى يوق دېھقانلار، چارۋىچىلار قىشلاقلارغا كۆچۈپ كەتكەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ چىلەككە كۆچۈشى

غۇلجا كۆچمەنلىرىنىڭ تولىسى ئالمۇتا ئۇيىزدىغا، خۇسۇسەن چىلەك دەرياسى ياقىسىغا (هازىرقى قۇرام، چىلەك، مالىۋاي بولۇسلىرى) ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چىلەك دەرياسىنىڭ ئۆڭ قانىتىغا (هازىرقى مالىۋاي بولۇسىغا) تۆرت بولۇستىن يىغىپ 1086 تۈتۈن جايلاشتۇرۇلغان. قۇرام بولۇسىغا يوقىردىكى ئۈچ بولۇستىن چىققانلاردىن باشقا يەنە باشقا بولۇسلاردىن بىر مۇنچە تۈتۈنلەر، 2288 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مالىۋاينىڭ سۈيى مول بولغاچقا هۆكۈمەتكە هېچبىر قىيىنچىلىك كەلتۈرمىگەن. قۇرام بولۇسىدا كۆپرەك ئىش قىلىشقا توغرا كەلگەن. چۈنكى بۇ بولۇستا ئەسلىدە ئاقسۇ، قارا تورۇق، ئۈيىنكە، كىيكباي ئوخشاش تاغ سۇلىرى بولسىمۇ بۇ سۇلار ئېهتىياجنى قامداپ كېتەلمىگەنلىكتىن چىلەك خىرىستىئانلىرى ۋە قازاقلار پايدىلىنىۋاتقان «تال ئېرىق» دېگەن ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ «قاراتورۇق» قا قاراپ چېپىشقا توغرا كەلەتتى.

كۆچمەنلەر كېلىشتىن ئىلگىرى هۆكۈمەت «ئاتامقۇل» غىچە سۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن 26 مىڭ دېسات يەرنى كۆكەرتىشكە 300 مىڭ كۆچمەنلەر سۇغا ئېهتىياج بولغانلىقتىن بىرمۇنچە تەجرىبىلىك كىشلەرنىڭ مەسلىهەتى بىلەن كۆچمەنلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆستەڭ چېپىش قارارىغا كەلگەندى. بۇ ئىشقا ئېرىق - ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ شۆهرەت قازانغان ئىلىدىكى تاشئۆستەڭ بولۇسى ئابابەكرى بولۇسنى تەيىنلىگەندى ۋە ئۇنىڭغا بىر رۇس تېخنىكنى ياردەمچى قىلدى. نەتىجىدە ئابابەكرى بولۇس بۇرۇنقى رۇس تېخنىكى كۆرسەتكەندىن ئىككى هەسسە كۆپرەك سۇ چىقىدىغان، يىلىغا 40 مىڭ دېساتتىن ئارتۇق يەرنى سۇغۇرىدىغان هازىرقى قۇرام بولىسىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۆستەڭنى چاپتۇرۇپ «ئاتامقۇل» نىڭ يېنىغا يەتكۈزگەن. (بۇ ئۆستەڭنى مۇتەخەسسىلەر تەكشۈرگەندە هېچقانداق يەردىن ئەيىپ تاپالمىغان. پەقەت ئۆستەڭ يان باغرىدىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن يار ئېلىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى ئېيتقان) هۆكۈمەت ئىككى ئورۇندىكى تۆمۈر كۆرۈككە 177 سوم 64

تېيىن، كەتمەن ـ گۈرجەك قاتارلىق قورال سايمانلار ئۈچۈن 1480 سوم، ئىشلەمچىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكگى ئۈچۈن 865 سوم 55 تېيىن، ئابابەكرى بولۇس بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى نىكراسوۋقا 250 سوم، جەمئىي 2773 سوم 19 تېيىن خىراجەت قىلغان. پۈتۈن بىر بولۇسلۇق يەرگە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئۆستەڭنى مانجۇرلار قولىدا ئۆستەڭ چېپىپ پىشقان ئۇيغۇرلار پەقەت بىر ـ ئىككى مىڭ سوم چىقىم بىلەنلا قېزىپ پۈتتۈرگەن.

## كۆچمەنلەرنىڭ قارا سۇ بولىسىغا كۆچۈشى

1881 ـ يىلى ئىيۇندا يەر كۆرگىلى چىققان توققۇزتارا بولۇسى بىلەن شەھەر ئاستى بولۇسلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھازىرقى تۇرگەن سۈيىنى ياقىلاپ ئورۇن تۇتقانىكەن. ئۇ ئىككى بولۇستىكى بىرمۇنچە كىشلەر گۇرۇھۋازلىق تۈپەيلىدىن يەركەنتتە قېلىپ قالغانلىرى كۆچۈپ بارغانىكەن. بىراق ئۇلارغا تۇرگەن سۈيىدىنلا پايدىلىنىشقا توغرا كەلگەن. ھالبۇكى تۇرگەن سۈيى بىلەن رۇسلارنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرى ۋە «ئاتامقول» ئارلىغىدىكى قازاقلارنىڭ يەرلىرىمۇ سۇغۇرلىدىغان بولغاچقا، ناۋادا ئۇيغۇرلارنىمۇ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشتۇرسا بۇ سۇ زادىلا يەتمەيتتىكەن. شۇڭا ھۆكۈمەت كۆچمەنلەرنى «ئاتامقۇل» بىلەن «قاراتورۇق» ئارلىقىدىكى بوش يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان. ھۆكۈمەت كۆچمەنلەردىن ئابابەكرى بولۇس چاپتۇرغان ئۆستەڭگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلار ئۇياققا بېرىشقا ئۇنىماي، «قاراسۇ» بولۇسىنىڭ ھازىرقى ئورنىنى سورىغان. ئۇ جاينىڭ يەر ـ سۈيى يېتىشمەيدىغانلىق سەۋەبىدىن ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغان. بۇ كۆچمەنلەر شەھەر تىرىكچىلىگى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشلەر بولغاچقا ئۆزلىرىگە ئازراقلا يەر ـ سۇ لازىملىغىنى ئېيتىپ ئاخىرى ھازىرقى قاراسۇ بولۇسىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى ئورۇنلىشىۋالغان، ھۆكۈمەت توقماقتىكىلەرنى «قارا قوڭغۇز» دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«قارا قوڭغۇز» غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ كۆچمەن تۇڭگانلار يېيىنفو دېگەن باتۇرنىڭ دايىملىق ئەسكەرلىرى بولۇپ، ھېمىشە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يۈرگەچكە، ئۆزلىرىدە ئارتۇقچە مال - ۋاران، ئوزۇق - تۈلۈك يوقلىقىدىن ھۆكۈمەت ئۇلارغا ياردەم ھېسابىدا 23 مىڭ 701 سوم 32 تىيىن بەرگەن. بۇ «قاراقوڭغۇز» ۋە «ئىرتىق» تىكى تۇڭگانلار 20 يىل داۋامىدا ئۇرۇش جەريانلىرىدا قان تۆكۈپ يۈرگەچكە ئەخلاقى ئۆزگەرگەن. ئۆز ـ ئارا ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن. شۇ سەۋەپتىن باشقا جايلارنىڭ تۇڭگانلىرى ئۇلارغا ئارىلىششنى زادىلا خالىمىغان. لېكىن بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇلار مۇھىت ئۆزگىرىپ تەسىر قىلىش ئارقىسىدا ئۇنداق ئىشلارنى تاشلىغان. بۇ «قاراقوڭغۇز» تۇڭگانلىرى بالا - چاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، مانجۇرلارنى بولاپ كىلىش ئۈچۈن شايكا تەشكىللەپ، غۇلجىغا بارغان. بۇ شايكا كۆچمەنلەر ئىچىدىن ياردەمچىلەرنى تېپىپ كۆپەيگەنلىكتىن غۇلجا ئەتراپىدىكى مانجۇر، سولۇن، شىۋە، خىتايلارغا كۆپ زەرەر يەتكۈزگەن. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ تەلۋى بىلەن رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ شايكىلارنى يوقىتىپ چارە كۆرۈشكە باشلىغان. بۇلاردىن باشقا كۆچمەنلەر ئارىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شايكىلار چىقىشقا باشلىغان. مەسىلەن: قاينۇق ، خونخايلىقلار شايكا ئۇيۇشتۇرۇپ، شىۋەلەرنى تالىغان. ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ بۇلار قارا قوڭغۇزلۇقلار ئىكەنلىگىنى بىلىپ، قارا قوڭغۇزلۇقلارنى خېلى قىيىن- قىستاققا ئالغان ۋە ئۇلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن 100 ئاتلىق كازاك - ئورۇسنى نازارەتچىلىككە قويغان. شۇنىڭدەك سىرتقا چىققان - كىرگەنلەرنى مەخسۇس يول خېتى بىلەن يۈرگۈزگەن. قارا قوڭغۇزلۇقلارنى يەركەنت تەرەپكە ماڭغۇزمىغان. بۇ ھەقتە غۇلجىدىكى كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئىززەتۇۋ گېنىرال كالپاكوۋىسكىگە يوللىغان تېلېگراممىسىنىڭ مەزمۇنىنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

«قارا قوڭغۇز تۇڭگانلىرى ئىلىغا كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتىدۇ. بۇلاردىن مانجۇرلار كۆپ زارلىنىدۇ. شۇنىڭدەك خەلق ئىچىدە: قارا

قوڭغۇزلۇقلار مانجۇرلارنى بۇلاش ئۈچۈن چوڭ شايكا ئۇيۇشتۇرۇپتۇ دېگەن خەۋەرلەر بار. قارا قوڭغۇزنى نازارەت قىلىش كېرەك. رۇسىيە تەۋەلىكىنى ئىختىيار قىلغان ئىلىدىكى تۇڭگانلارنى تېزلىكتە كۆچۈرۈشكە روخسەت قىلغايسىز».

بۇ تېلېگراممىغا بىنائەن كالپاكوۋسكىي ئىلىدىكى تۇڭگانلارنى 20 ـ نويابىردىن قالدۇرماي كۆچۈرۈش، بۇ سۇرۇكتىن قالغانلارنى رۇسىيە تەۋەلىكىدە دەپ ھېساپلىماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە چارىلار كۆرۈلۈپ، ئاخىرى رۇسىيەدىن ئېلىغا روخسەتسىز كىرگەن تۇڭگانلار قاچقۇن ھېسابىدا تۇتۇلۇپ، 300 ـ 400 چە كىشى رۇسىيەگە ھايدالغان. موشۇنداق چارە تەدبىرلەر ئارقىلىق 1883 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شايكىلار يوقىتىلغان. بۇ قارا قوڭغۇز ۋە توقماقلىق تۇڭگانلارغا بولۇس بولۇپ بارغان بەيىنفۇ باھادىر ۋە ئۇنىڭ يارەدەمچىسى خەلق بەرگەن ئەرىزلەر بويىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان (بەيىنفۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشىدا بىرەر سىياسىي سەۋەب بولىشى ئېھتىمال) بەيىنفۇ 1882 ـ يىلى ئۆلگەن.

شۇ چاغدا يۇرگۈزۈلگەن سايلامدا ئېلىنغان مەلۇمات بويىچە قارا قوڭغۇز تۇڭگانلىرى 647 تۈتۈن 3003 جان ئېكەن. ئۇلارغا بېرىلگەن يەر 13 مىڭ 67 دېسات، 1883 ـ يىلى تەرگەن ئاشلىغى 710 پۇت بۇغداي، 125 پۇت شال، ئالغان مەھسۇلى 5925 پۇت، بوغداي 466 پۇت شال.

قاراقول ئۇيېزدىكىلەرنىڭ سانى 205 تۈتۈن 1130 جان ئېدى. ئومۇمەن 1881 ـ يىلدىن 1884 ـ يىلىنىڭ ئاخىرغىچە كۆچۈرۈپ چىققانلار بىلەن ھېساپلىغاندا ئىلىدىن يەتتىسۇغا جەممىي 9752 تۈتۈن ئۇيغۇر كۆچۈپ چىقتى. ئۇلاردىن:

1) يەركەنتكە 2479 تۈتۈن، (5227 ئەر، 4262 ئايال)

2) ئاقسۇ ـ چارىنغا 1234 تۈتۈن، 5933 جان، (3226 ئەر، 2707 ئايال)

3) كەتمەنگە 764 تۈتۈن، 3787 جان (2137 ئەر، 1650 ئايال)

www.uyghurkitap.com

4) مالىبايغان 1442 تۈتۈن، 7862 جان (3931 ئەر، 3331 ئايال)
5) قاراسۇغا 1558 تۈتۈن 5598 جان (2953 ئەر، 2645 ئايال)
6) قۇرامغا 2285 تۈتۈن 12204 جان، (7154 ئەر، 6150 ئايال)
ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇلاردىن يەركەنت كۆچمەنلىرىگە قاسىم، ئاقسۇ-چارىنغا خۇدابەردىبەگ، مالىۋايغا ناسىر، قاراسۇغا جامالىدىن، قۇرامغا ئابابەكرىلەر بەگ بولدى. شۇنداق قىلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىلىدىن يەتتىسۇغا جەمئىي 45375 جان ئۇيغۇر (بۇنىڭ ئىچىدە 24628 ئەر، 20745 ئايال) كۆچۈرۈلدى.

## ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنى ئىدارە قىلىش

مانجۇرلار خەلقنى باشقۇرۇشتا يۈزلەرگە بۆلۈپ، ھەر بىر يۈزگە ۋە بىر نەچچە يۈزنىڭ ئۈستىگە يۈزبېگى، مىڭ بېگى، مىڭ بەگلەر ئۈستىگە ھاكىمبەك تەيىنلەپ ئىدارە قىلىپ كەلگەندى. غۇلجىدا بىر چوڭ ئۆستەڭدىن بىر قانچە يېزا قىشلاقلار سۇ ئىچەتتى. شۇ يېزا - قىشلاقلارنىڭ سانىغا قاراپ ئۆز ئالدىغا بىر بەگلىك تەشكىل قىلىنغان. مانجۇرلار ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە سودا ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ سۇلتانلىقى يوقۇلۇپ، رۇسلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن 1871-يىلدىن 1881-يىلغىچە رۇسىيەنىڭ خەلقى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بويىچە بەگلىك ئورنىغا بولۇس سايلانغان. ئىلى ئۇيغۇرلىرى 14 بولۇسقا بۆلۈنگەن. بۇ ئىدارە قىلىشنىڭ كەمچىلىكى. شۇڭا بولۇسلار بىر - بىرسىدىن ئۆستەڭ بىلەن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن بەزىلىرىنىڭ نوپۇسى كۆپ، بەزىلىرىنىڭ ئاز بولۇشى، نوپۇسى ئاز بولۇسلاردا ھاكىملەرنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشتە ئېغىرچىلىق بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن چوڭ-كىچىك بولۇسلار ئارىسىدا، يۇرتلار ئارا ئابرۇيلۇق ئادەملەر ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرۇسىدا

مەنسەپپەرەستلىك كۈچەيگەن. سەۋەبى: مانجۇرلار يۇرت تەيىنلەپ بىرەتتى. مانجۇر مەمۇرلىرىنى پارە بېرىپ سېتىۋالغان كىشى باشقىلارنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ ئۆزى مەنسەپكە ئېگە بولۇۋالاتتى. شۇڭا بۇ چاغلاردا مەنسەپپەرەستلىك، گۇرۇھۋازلىق ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ، (بۇ كېسەل چار پادىشاھ ۋاقتىدا بەك ئەۋج ئالغانىدى) خەلققە ناھايىتى كۆپ زەرەر يەتكۈزگەنىدى.

كۆچمەنلەر يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى بۇرۇنقى يول بىلەن باشقۇرۇشقا توغرا كەلمىگەنلىكتىن 1200 تۈتۈندىن 2500 تۈتۈنگىچە بىر بولۇس تەشكىللەپ بۇرۇنقى 14 بولۇسنى 6 بولۇسقا قىسقارتقان ئىدى.

قۇرام، مالىۋاي، قاراسۇ، يەركەنت، ئاقكەنت (كېيىن ئايرىلغان بولۇس) ئاقسۇ ـ چارىن، كەتمەن بولۇس، غالجات بولۇس بۇرۇنقى پېتىچە ئۆز ئالدىغا قالدۇرۇلغان. دېمەك جەمي 7 بولۇس بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يۈزلىگەن ئائىلىلەر مەرۋە تەرەپتە، بايرامئەلىگە يېقىن ئاقتام كەنتلىرىگە ئولتۇراقلاشقان. چوڭ ئاقسۇ سۈيىگە ھەر بىرسى 300 تۈتۈندىن ئىككى گرۇپپا، كىچىك ئاقسۇغا 200 تۈتۈن، بايانقازاققا 315 تۈتۈن ئورۇنلاشقان. 1882 ـ يىلى ئىيۇندا بۇ يەردىن 100 تۈتۈن ھازىرقى چارىنغا كۆچۈرۈلگەن.

1882 ـ يىلى يازدا مالىۋاي بولۇسى تۆۋەندىكىچە ئۈچ گرۇپپىغا (سېلىنىغا) بۆلۈنگەن: مالىۋاي 304 تۈتۈن، بايىسىت 320 تۈتۈن، ماسقاباي 304 تۈتۈن بولغان. 1883 ـ يىلى بۆلارنىڭ ئۈستىگە قايىنۇقتىن 184 تۈتۈن، سار بۆلاقتىن 232 تۈتۈن قوشۇلغان. 1882 ـ يىلى مايدا قۇرام بولۇسى تۆۋەندىكىچە گرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن: قۇرامغا 300 تۈتۈن، لاۋارغا 328 تۈتۈن. 1883 ـ يىلى ئاۋگۇستتا تېرەنقاراغا 320 تۈتۈن، قارا توروققا 304 تۈتۈن، ئاقسۇغا 200 تۈتۈن بۆلۈنگەن. كېيىنەرەك كېيىكباي تۈزۈلگەن بولسا كېرەك. ھازىرقى قاراسۇ بولۇسىدىمۇ ئۇيغۇرلاردىن بولۇشى ئېھتىمال. ھەر بىر سېلىنىپ ئۈچۈن يەر ئۆلچەپ بەرگەندە تەن ـ سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، باغلىق يەر ئاجرىتىپ بەرگەن.

www.uyghurkitap.com

# يەر ھېساۋى ۋە ئېلىق ـ سېلىقلار

مالىۋاي بولۇسىغا 31 مىڭ 857 دېسات، قۇرام بولۇسىغا 51 مىڭ 192 دېسات. قاراسۇ بولۇسىغا 19 مىڭ 711 دېسات، ئاقسۇ چارىنغا 19 مىڭ 332 دېسات، سوقۇلۇق تۇڭگانلىرىغا 8035 دېسات، جەمئي 193 مىڭ 624 دېسات يەر بېرىلدى.

# قاراسۇ بولۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار

1884 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قارابولۇسىغا يەنە 1495 تۈتۈن قوشۇلۇپ ئورۇنلاشقان. ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇرلار 130 تۈتۈن بولغان. لېكىن قاراسۇ بولۇسىنىڭ جان بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر بەك ئاز بولغاچقا بولار كۆپىنچە خوشنا قازاق، رۇسلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرەتتى.

# 1882 ـ يىلى ئالمۇتا ئۇيېزدىغا تېرىلگەن ئاشلىق

مالىۋاي بولۇسى 1933 پۇت، قۇرام بولۇسى 2091 پۇت، قاراسۇ بولۇسى 2041 پۇت بولۇپ، جەمئي 6068 پۇت ئاشلىق تېرىلغان. ئۇلاردىن ئالغان ھوسۇلى 30 مىڭ پۇت بولغان. بۇ ئۈچ بولۇسقا ئورۇنلاشقان كۆچمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئاشلىقى 7400 پۇت بولۇپ، ئۇيېزدلىق ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن ئاشلىق 10 مىڭ 603 پۇت بولغان. بۇ ئۈچ بولۇستا 37 مىڭدىن ئارتۇق جان بولۇپ، ئالغان ھوسۇلى يېتىشمەي ھەتتە ئاچارچىلىق بولۇپ، كوكات يېگۈچىلەرمۇ بولغان. گوبېرناتور ئۆزى چىقىپ تەكشۈرۈپ، بۇرۇن بەرگەن 9000 سومنىڭ سىرتىدا يەنە 50 مىڭ سوم ئاجرىتىپ، 30 مىڭ سومنى ئۈچ بولۇسقا بۆلۈپ بەرگەن.

1882 ـ يىلى ئالمۇتا ئۇيېزدىغا تەرگەن ئاشلىقتىن 81022 پۇت ئاشلىق ئېلىنغان. كېينىچە يىلدىن ـ يىلغا مول هوسۇل ئېلىپ، ئۆزلىرىدىن ئېشىنىپ، يەركەنتكىچە ئاپىرىپ ساتقان.

كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېرىق ـ ئۆستەڭنى ئاساس قىلىپ، 200 ئۆيلۈكتىن كەم بولماسلىق ۋە دېھقانچىلىققا قولايلىق بولۇش ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئىزاهات: 1885 ـ يىلى يەرلەر كۆچمەنلەرگە ئالاهىدە بۆلۈپ بېرىلگەن. ئالمۇتا، پىشپەك شەھەرلىرىدىكى تۇڭگانلار شەھەر يەرلەرنى ئىجارە تۆلەپ پايدىلانغانلىقتىن بۇ هېساپقا كىرگۈزۈلمىدى. قالغان يەردىكى تۇڭگانلارنىڭ يەرلىرى يوقۇردىن ئومۇمىي سانىنىڭ ئىچىدە، لېكىن شەھەرگە ئولتۇراقلاشقان تۇڭگانلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەر ـ سۇدىن قىسىلغاچقا يەر ـ سۇ تەلەپ قىلغان.

# ئۇيغۇر، تۇڭگانلارغا سېلىنغان سېلىق

هەممە يەردە ئوخشاش 1886 ـ يىلدىن باشلاپ تۇتۇن بېشىغا 5 سومدىن سېلىق سېلىپ، 10 يىل داۋام قىلغان. مۇشۇ تەرتىپتە بىر نەچچە يىل ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيتكەن. بۇرۇنقى مانجۇرلار زامانىدا 32 خو (ئىككى تونىا 48 كىلوگرامم) سېلىق تۆلەپ قىينالغان دېھقانلارغا بۇ سېلىق ئانچە ئېغىر بىلىنمىگەن. لېكىن يەتتىسۇغا خىرىستىئان دېھقانلىرى كۆپ كېلىپ، دېھقانچىلىقنى كېڭەيتكەنلىكتىن مەهسۇلات باهاسى ئەرزەنلاپ، كەمبەغەل ۋە ئوقەتسىز دېھقانلار ئۇچۇن سېلىق ئېغىر كېلىپ، يەر ـ سۇلىرىدىن ئايرىلغان. نامراتلار سېپى كۆن ساناپ كۆپەيگەن. چوڭ باي خىرىستىيانلار ئۇچۇن ئەرزەن ئەمگەك كۈچى ئاشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلار

ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلار مانجۇرلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنقى قاتتىق ئالۋاڭ ـ سېلىقلاردىن قۇتۇلدى. ئەمما كونا قائىدە بويىچە هوسۇل (دەپ) تۆلەيدىغان بولدى. پۈتۈن ئىلى بويىچە كۆچمەي قالغان ئۇيغۇرلار 1700 تۈتۈن هېسابىدا ئىدى. يەتتىسۇغا كۆچۈپ كەتكەن بەزىبىر ئۇيغۇرلار كونا يۇرتى ئىلىنى سېغىنىپ (كەلگەن يېرىدە جان بېقىش تەس بولۇپ، ئۇوقت قىلالماي) 5 ـ 10 يىل ئىچىدە 4000 تۈتۈن ئىلىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جايلىرىغا ئورۇناشقاندى.

ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىسىدىكى ۋۇچاڭ دېگەن يەردە سۇڭ جۇڭ شەن ئەپەندىنىڭ قوزغىغان ئىنقىلاۋىنىڭ نەتىسجىسىدە ختايدا نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى هۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن مۇستەبىت مانجۇر سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇمهۇرىيەت قۇرۇلدى. 1911 ـ يىلى دېكابىردا شۇ ئىنقىلاپنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىلى ئىنقىلابى يۈز كۆرۈشتى. ئەسلىدە ئىنقىلاپتىن كېيىن هۆكۈمەت ئورۇنلىرى خەلق كۆرسەتكەن كىشلەرنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى. ياڭ زىڭ شىڭ جۇڭخۇا مىنگو بايرىغىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى بىلگەنچە بۇزۇق سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنى جاهالەت ۋە قاراڭغۇلۇق ئاستىدا 17 يىل بېسىپ كەلدى. خەلق بۇنىڭغا كۆز سالماي تۇرالمىدى. ياڭ زىڭ شىڭنى ئۆلتۈردى فەن ۋىنلەن بۇنىڭ بىلەن كۆتكەن شەرتنى ئادا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي مەقسىتىگە يېتەلمەي قالدى. جىڭ شورېن ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، فەن ۋىنلەننى ئۆلتۈرۈپ، هاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىۋالدى. جىڭ شورېن هۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك سىياسىتىگە ئاساسلىنىپ، خەلقنى يەنە ئاسارەت زەنجىرى بىلەن باغلاۋالدى. ئۇنىڭ سىياسىتى بارغانسېرى ۋەهشىلىشىپ، خەلقنىڭ قەهرى ـ غەزىۋى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشقانلىقتىن ئاخىرى 1933 ـ يىلى يانۋاردا غوجىنىياز هاجىم باشچىلىقىدا خەلق قوزغىلىڭى پارتىلىدى. شۇ يىلى گەنسۇدىن ماجۇڭيىن چىقىپ بىرلەشكەنلىكتىن ئۇرۇش

ئەۋجىگە چىقتى. بۇنىڭدىن قۇرقۇپ كەتكەن جىك شورىن پىچان، تۇرپان ئاھالىسىدىن ئۇرۇشقا قاتناشقانلار بىلەن بالا-چاقىلىرىنى قوشۇپ 20 مىڭدىن ئوشۇق ئۇيغۇرنى قىرىپ تاشلىدى. بۇ ۋەھشىلىكنى كۆرگەن غازاتچىلار غەزەپكە كېلىپ، فېۋرال ئېيىدا قاتتىق ھۇجۇم قىلغاندا جىك شورىن ھەتتا قوشۇمچە ئەسكەر تولۇقلاش ئۇچۇن ئەسكەر بولىدىغان خىتاي ياشلىرىنى تاپالماي قالغاندى. ئاخىرى قۇمۇللۇقلار بېتىم تۇزۇشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، جىك شورىن سۆزىدە تۇرماي، ئىنقىلاپ يەنە داۋاملاشتى. جىك شورىن قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر تۇرپاندىن چېكىنگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ پۇتۇن مال-مۆلۈكىنى بۇلاپ كۆيدۇرۋەتتى. ئۇلار مەھسۇت مۇھىتنىڭ بېشىنى كېسىپ، تۇرپان بازىرىغا ئېسىپ قويدى. بۇ بۇلاڭ-تالاڭنى ياندۇرۇش ئۇچۇن ھەتتا مىڭلاپ رۇس ئەسكەرلىرىمۇ قاتناشتى.

شۇ ئايدا زالىم جىك شورىن پۇتۇن ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇمچى ئەتراپىغا چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. چۇنكى 20 يىلدىن بېرى تۇتۇپ كەلگەن ئەسكەرلىرى قۇمۇللۇقلارنىڭ يەتتە-سەككىز يۇز ئەسكىرىگە تەڭ كېلەلمىگەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ شانلىق ھاياتى ۋە ئىزدىنىشلىرى

ئىلى پەننىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئىجتىھاتلىق تارىخچى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات (فولېكلور) مىراسلىرىنى توپلىغۇچى، خەلقپەرۋەر زىيالىي، مەرھۇم دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئوغلى تىلغا ئېلىنسا ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىغا چۆمىدۇ. قايسى بىر ئۇلۇغ زات: «كىشىنىڭ قەدىر قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئەمەس بەلكى، باشقىلارغا نېمىلەرنى بېرەلىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دېگەن ئىكەن. دادام گەرچە بۇ دۇنيادا 51 يىل ياشىغان بولسىمۇ، چەكلىك ئۆمرىنى خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، مەدەنىي ـ مائارىپى ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈشىگە بېغىشلاپ، ئىلى تۇپرىقىدا نۇرلۇق ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى مەشئەل، ئەقىل ئىدرىكىنى چىراق قىلىپ، قاراڭغۇ دىللارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلدى. ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقى، مۇتەئەسسىپ ئىدىيە، دىنىي خۇراپاتلىق، ئەكسىيەتچىل خاھىشلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىۋاتقان زۇلمەتلىك يىللاردا ئادالەت، ھەققانىيەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋىي ئاسارەتلەر ئۈستىدىن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، مەرىپەت سۆيەر ئىلى خەلقى قەلبىدە يىقىلماس ئابىدىسىنى تىكلىدى.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن 1897 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە يەنى 1903 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى «تائالىيە» مەكتەپتە ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىماسى ئابدۇمۇتائالى خەلپەم (خەلپەم ھەززەت) دېگەن

كىشىنىڭ قولىدا، ئاندىن «خانىقا مەكتەپ» دە، 1912 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى «ناغىرچى مەكتەپ» دە ئوقۇغان.

شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنە 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلى چوڭ دۇدۇ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا ئىلى ئۇيغۇرلىرى ھەزرىتى مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكىنىڭ 1881 ـ يىلىدىكى «كۆچ ـ كۆچ» تە تاشلىنىپ قالغان چاپچال خونخايدىكى مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شەيخ بېكىتىپ ئۇنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1868 ـ 1881 ـ يىللىرىدىكى «قاچ ـ قاچ» ۋە «كۆچ ـ كۆچ» سەۋەبىدىن بۇ يەردە ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ياقا يۇرتلارغا سەرسانە بولۇپ كۆچۈپ كېتىپ، خونخاي مازارى خارابلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئولتۇراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسىملىرى يەنە تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەرلىشەلمەي قورغاس ئارقىلىق غۇلجىغا، بىر قىسىملىرى بولسا ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئانا ماكانلىرىغا يەنى دولاتا، دۆڭمەھەللە، سەككىز ئۆي، خونخاي، چوڭبۇغرا، كىچىكبۇغرالارغا قايتىپ كەلگەن. بىراق ئۇلاردا يەر ۋە سۇ ھوقۇقى بولمىغاچقا ھايات يولى تاپالماي تۇرالمىغان، بىر قىسمى چوڭبۇغرا، كىچىكبۇغرا، سوفۇم بۇلاقلاردىكى تەبىئىي بۇلاق سۇلىرىغا تايىنىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

1910 ـ يىللىرى ئىلىنىڭ قازىسى مەنسۇر ئەلەم قازى ئاخۇنۇم، ياركەنتتىكى ۋەلىۋاي يولداشۇۋ بىلەن يۈسۈپ سەككاكى مازىرى ـ خونخاي مازىرىنى خارابلىشىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش، قەشقەر، ئىلى، يەتتىسۇ تەرەپلەردىن زىيارەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ تۇرالغۇ، تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ خونخاي مازار «ئالتۇنلۇق»نى رېمونت قىلىپ، ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، شەيخ ئورۇنلاشتۇرۇشنى بېكىتىدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى چىررژوي باشچىلىغىدىكى ھەربىي ھۆكۈمەت خونخاي مازارىغا كۆچۈپ چىققۇچىلارنىڭ ئائىلىسىنى ئېلىپ چىقىشىغا رۇخسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار چىقسا ئۈستەك سۈيى ۋە يەر تەلەپ قىلىشىدىن قورقىدۇ. كۆپ تىركىشىشلەر نەتىجىسىدە، خەلقنىڭ تەلىپى ئىلى دۇدۇ مەھكىمىسى تەرىپىدىن ماقۇل كۆرۈلۈپ، مازارغا كۆچۈپ چىققۇچىلارنىڭ «سۇ ئېقىتماسلىق، يەر تېرىماسلىق» شەرتى بىلەن مازارغا ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ چىقىپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. 1912-يىلى مەنسۇر ئەلەم قازى ئاخۇنۇم، دوگان باشلىق يەتتە نەپەر ئۈستىنى ئۆزى بىۋاستە خونخاي مازارغا ئېلىپ چىقىپ، ئالتۇنلۇقنى رېمونت قىلدۇرۇپ، ئىلىدىن سەككىز ئۆيلۈك، ياركەنت تەۋەسىدىن سەككىز ئائىلىلىك كىشىنى كۆچۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرىدى. 1912-يىلى 6-ئايدا غۇلجا شەھرىدىن : باھاۋۇدۇن مۇھىددىن، ئەيتقۇل ھاجىم؛ ئارا ئۈستەڭدىن: ئىسلام باقى؛ جاغىستايدىن: نۇراخۇن، مەنسۇر، ھىدايەت، ئانايەت قاتارلىق كىشىلەر؛ ياركەنتتىن: بېشىراخۇن، ئابدۇرېھىم ئاخۇن؛ غالجاتتىن: غىياسىدىن، لەسئاخۇن، بەرائاخۇن، ھامۇت ئاخۇن، مۇتەللىپ موللىلار؛ يەتتىسۇدىن: تاھىر تۆمۈرچىلەر خونخاي مازارغا كۆچۈپ چىقىپ، ئۆي سېلىپ خونخاي مازار يېزىسىنى ئاۋاتلاشتۇرغان چاغدا دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن، بوۋام باھاۋۇدۇن مۇھىددىن بىلەن بىرگە كۆچۈپ چىقىدۇ. خونخاي مازار شۇ مەزگىلدە جۇڭگو-رۇسىيە سودا ئېغىزى بولۇپ، ئىلىدىن يەتتىسۇغا، يەتتىسۇدىن ئىلىغا ئۆتۈپ سودا قىلىدىغان كارۋان ھارۋىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان جاي ئىكەن.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن خونخايغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، رۇس ئايالى بار جۇ جاڭگوېدى (رۇسىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا ئۆتكەن شەرقىي شىماللىق كىشى) دېگەن باي خەنزۇ سودىگەرنىڭ ئائىلىسىدە تۆرت يىل ئىشلەيدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا تىل ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئېلىش ئىستىگىنىڭ كۈچىدە بۇ ئائىلىنىڭ ئات باقارلىغىنى قىلىش، دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇش، سودا سېتىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش قاتارلىق شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇپ، بىر تەرەپتىن تۇرلۇك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇ جاڭگويىدىن خەنزۇچە، ئايالى ناتاشادىن رۇسچە ئۆگىنىدۇ. باينىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر ئىككى تىلنى

مۇستەھكەملەش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولىدۇ. 1916 - يىلى ئۇ جۇ جاڭگويىدىنىڭ: «بالام، سەن ئائىلىمىزدە تۆرت يىل تۇرۇش جەريانىدا ماڭا قول قانات بولۇپ، كۆپ ئەسقاتتىڭ. مەن ساڭا ئۆز بالامدەك مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم، ئىككى يىل ئات باققۇزغان بولسام، يەنە ئىككى يىل دۇكاندا مال ساتقۇزۇپ ۋە بەش ناھىيە تەۋەسىدىن ساتقان ماللىرىمىنىڭ نەق، نېسى پۇللىرىنى يىغدۇرۇپ، سېنى تىجارەتكە پىشۇردۇم، خەنزۇ، رۇس ئىككى مىللەت تىلىنىمۇ ياخشى ئېگىلىۋالدىڭ... مېنىڭ ئەندى سەندەك تىجارەتكە پىشقان، قابىل ياردەمچىنى تاپالىشىم مۇمكىن ئەمەس. تاپقان دۇنيارىمىنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئالساڭمۇ - ئال...، مەندىن ئايرىلمىغىن!» دېگەن ئۆتۈنۈشلىرىگە: «ياق، مىللىتىمنىڭ بالىلىرى ئىلىمسىز قېلىۋاتىدۇ، مەن بىلىمىم بار تۇرۇپ ئۇلارغا ئۆگەتمىسەم، ئۇ ھالدا مېنىڭ ئېگىلىگەن بىلىملىرىم كېرەكسىز «تاش» قا، مەن بولسام ئېغىر «تاش» ئارتىپ يۈرگەن «خېچىر» غا ئوخشاپ قالمامدىمەن...!؟» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان جۇ جاڭگويىدى ئايالى ناتاشاغا: «قارا! خوتۇن، ئوغۇل بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق جىگەرلىك بولامدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا» دېگەن سۆزى مانا مۇشۇدە!» دەيدۇ ۋە ئارقىدىنلا: «بالام، سەندە شۇنداق ئارمان بولسا مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن. بوپتۇ كېتىشىڭگە مەن رازى...!» دەپ ئۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ.

دادام ياش چېغىدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تىجارەتتىكى ماھىرلىقىغا تايىنىپ سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تىرىشىپ ئېگىلىك تىكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە ئىقتىدارى بىلەن خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، زامانىسىنىڭ ئابرۇيلۇق بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. 1916 - يىلى ئۇ جەمئىيەتتىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە يار يۆلەكتە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن خونخاي مازارغا تۇنجى «ئاقارتىش مەكتىپى» نى ئېچىپ، شەخسەن ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كەينىدە رۇسىيە بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىشقا يۈزلەندى. بازار كاساتلىشىپ خەلقنىڭ كىرىمى ئازلاپ كېتىدۇ. 1920 ـ يىلىغا كەلگەندە ياڭ زېڭشىڭ ئېلى دوتىيىگە خەت يېزىپ: «سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا چېگرا سودىسىنى جانلاندۇرۇش ۋاقىتلىق توختىمى تۈزۈش، توختام بويىچە سودىنى ئاۋال ئېلى رايونىدىن باشلاش...» ھەققىدە يوليورۇق چۈشۈرىدۇ. ئىلگىرى چېگرا سودىسىدا چەت ئەل سودىگەرلىرى پائالىيەتچان ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يەرلىك سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ مال ئەكىلىپ سېتىشىنى كۈتىدىغان پاسسىپ ئەھۋال ساقلىنىۋاتاتتى. يوليورۇق چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان چاپچال، توققۇزتارا، تېكەس بايلىرى: «بىز قاچانغىچە چەت ئەل سودىگەرلىرىدىن مال ئالىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆز مېلىمىزنى ۋېلىۋاي ھاجىمنىڭ رۇس يېرىدىكى «قارا ـ قارا» بازىرى (ئۈچ ئايلىق خەلقئارالىق سودا بازار) غا ئاپىرىپ، تاۋارغا ئالماشتۇرۇپ كەلمەيمىزمۇ؟» دەپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. ئارقىدىن 12 مىڭ تۇياق قوي يىغىپ، ئابۇزەر خەلپەمنىڭ قېيىن ئاتىسى ئابدۇرېھىم ھاجىمنى كارۋان بېشى قىلىپ، قوي چىقارغان 32 نەپەر باي سودىگەرگە ۋاكالىتەن «قارا ـ قارا» بازىرىغا يولغا سالىدۇ. ئۇلار ۋېلىۋاي ھاجىمنىڭ ھوزۇردا ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىنىپ، قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ۋېلىۋاي ھاجىمغا ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى نەقلەشتۈرۈپ قايتىش مۇددىئاسىنى ئېيتىشقا يۈز كېلەلمەي مالنى نېسىغا بېرىۋېتىپ «ئاق قەغەز» ئېلىپ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يۇرت چوڭلىرى قاينۇققا يىغىلىپ: «بۇ پۇلنى كىم نەقلەشتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىدۇ. خونخاي مازارلىق كاتتىلار: «چەتكە چىقىپ كېلىدىغان ئادەم چوقۇم چەتنىڭ تىلىنى بىلمىسە بولمايدۇ... ، خونخاي مازىرىدىكى باھاۋۇدۇن شەيخنىڭ ئوغلى ئىمىنجان چەت تىلىنى ياخشى بىلىدۇ، شۇنى ئەۋەتسەك قانداق؟» دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ كۆپچىلىك دادامنىڭ بېرىشىغا قوشۇلىدۇ. بۇ دەل دادامنىڭ

ئوكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن قۇرۇلغان ياش سوۋېت ئېلىنى ئايلىنىپ، بۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگۈرۈشلەرنى ئۆز كۆزىدە كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسىدا يېنىۋاتقان چاغلىرى ۋە خونخاي مازىرىغا مەكتەپ ئېچىشقا كېرەكلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كېلىش ئارزۇسىنىڭمۇ ئۇلغىيىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكتىن دادام بۇ مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رىسپوبلىكىلىرىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن ئاۋۋال نېسى قالغان ماللىرىنىڭ دېرىگىنى ئالىدۇ. ئاندىن تۈرىكمەنستانغا بېرىپ، مالنى تۇقۇمچىلىق فابرىكىسىنىڭ تاۋارلىرىغا ئايرىۋاشلايدۇ. بولۇپمۇ، سوۋېت ئېلىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ تاڭ قالىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ياشلاردىكى كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدلىك ئىنتىلىشلەر ۋە ئۇلار بىلەن چاپچال، خونخاي ئوتتۇرسىدىكى روشەن سېلىشتۇرما دادام ئىمنجان باھاۋۇدۇننى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇ شۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ بىر نەچچە پارچە كىتاب ئېلىپ قايتىش بىلەنلا نەتىجىلىنىشنى تولىمۇ ئەھمىيەتسىز ھېساپلاپ، تاۋار ۋە سېتىۋالغان كىتابلىرىنى سەپەرداشلىرىدىن يۇرتىغا يوللىۋېتىپ، ئۆزى بولسا تاتارستاننىڭ قازان شەھىرىگە يول ئالىدۇ. تاتار خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تونۇلغان مەرىپەتچىسى، ئىدرىس ئاپانايوۋ (سابىق چار رۇسىيە ئوفتسېرى)نى ئۇستاز تۇتۇپ، يېڭىچە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىدا بىر تەرەپتىن سوۋېت ئېلىنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپى، ئوقۇش، ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تىل ئۆگىنىدۇ. تۈرك، پارسى، رۇس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى پەۋقۇلئاددە تالانتى ئۇستازى ئىدرىس ئاپانايوپنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىتاب خۇمارلىقى ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۇستازىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. دادام، ئىدرىس ئاپانايوپنىڭ كىتابلىرى ئىچىدىن رۇس تارىخچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر كىتابلىرىنى ئوقۇپ چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

چار رۇسىيەسى ئىلىنى بېسىۋالغان يىللار (1871 ـ 1881 ـ يىللار) دا رۇس گېنېرال گۇبېرناتورىنىڭ غۇلجا ئىشلىرى باشلىقى بولغان شەرقشۇناس ن.ن. پانتوسوۋىنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يىققان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ يازغان كىتابلىرىنى، موللا بىلالنىڭ «غازات دەر مۇلكى چىن» ئەسىرىنى ۋە نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ (ئۇيغۇر ئوغلى) «تارانچى تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدا خونخاي مازىرىدا چوقۇم مۇنتىزىم يەنني مەكتەپ ئېچىش بىلەن بىرگە ئىلى تارىخىغا ئائىت بىر ئەسەر يېزىش ئىشتىياقى كۈچىيىدۇ. سەپەر جەريانىدا ئۇ يەنە يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئارىلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلايدۇ. ئىلى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىدە يېڭىچە مۇستەھكەم دۇنيا قاراش تۇرغۇزۇپ، خونخايدا يەنني مەكتەپ مائارىپىنى يىلتىز تارتقۇزۇش، كېڭەيتىش ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى يۈرىكىگە تۈگۈپ، ئۇستازى ئىدرىس ئاپانايۇپىنى ئېلىپ، خونخايغا قايتىدۇ.

ئۇ خونخاي مازارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1924 ـ يىلى تۇنجى قېتىم يەنني مەكتەپ ئاچتى. ئۇنىڭ يەنني مەكتەپ ئېچىشى ئاسانغا توختىمىدى. بىرىنچىدىن، شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ياڭ زېڭشىڭ ھاكىمىيىتى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ يەنني بىلىم ئىگىلىشىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەرىكەت ھېسابلاپ، بۇ ئىشقا مۇتلەق قىززىقمايتتى. ئىككىنچىدىن، خەلق ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ئېغىر ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپلا قالماي يەنە، كونىلىق تەرەپتارلىرىنىڭ «جەدىت» دەپ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار: «يەنني مەكتەپ دىنىنى يوقىتىدۇ، ئىمنجان باھاۋۇدۇن سىرتقا چىقىپ ئوقۇپ كېلىپ باللىرىمىزنى دەھرى قىلىدىغان بولدى» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى ۋە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن خۇپىيانە ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، ھەر خىل تۆھمەت ئۇيدۇرۇپ ئىدرىس ئاپانايۇپىنى كەلگەن يېرىگە قوغلىۋەتتى. لېكىن دادىل

تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى. دەسلەپ ئۆز كوچىگە تايىنىپ ئىككى ئىغىز سىنىپ سېلىپ يەڭگى دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويدى، بىر تەرەپتىن خەلق ئىچىدە، ياشلار ئىچىدە زېرىكمەي تەشۋىقى تەربىيە ئېلىپ باردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆرگەنلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇلارغا ئىلىم-پەن ئۆگىنىش، خەلقنى ئاقارتىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا يۇرت موتىۋەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدا دېگەن: «مەن مەكتەپ ئاچىمەن، يەڭگى مەكتەپ ئاچىمەن، تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرى ئىسلام دىنىنىڭ قايناپ تۇرغان بۆلىگى ئىكەن، شۇ يەردىمۇ ئالىي مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ياش ئەۋلادلار ئىلىم-پەن ئۆگىنىدىكەن، ئۇلار ئىلىم-پەننىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاسماندا ئايروپىلان ئۇچۇرۇپ، سۇدا پاراخوتنى بېلىقتەك ئۈزدۈرۈپتۇ. بىز قاچانغىچە ئاسماندا «ئارپاڭ» (ئايروپىلان)، سۇدا «پارپاڭ» (پاراخوت) بار دەپ يۈرىمىز» دېگەن سۆزلىرىنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز زامانىسى شاھىدلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم. دېمەك، بۇنىڭدىن دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ بۇ يولدا قانچىلىك تەر تۆكۈپ جاپالىق كۈرەش قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ھەقىقەت ئاخىرى غەلىبە قىلدى. يەڭگى مەكتەپنى قوللىغۇچىلار، بالىلارنى يەڭگى مەكتەپكە ئەكىلىپ بەرگۈچىلەر كۆپەيدى. 1925-يىلىدىن باشلاپ خونخايدا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەندى. 1933-يىلىغا كەلگەندە دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن توققۇزتارا ھاكىمى نەزەرخان غوجىنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىپ (چاپچال شۇ چاغدا توققۇزتارا ناھىيەسىگە قارايتتى)، ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىغى ئەمەتخاننىڭ ئەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يەنە سەككىز ئېغىزلىق سىنىپ، 500 كىشىلىك بىر كلۇب سېلىپ خونخايدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچتى. ۋە ئۇنىڭغا «مەدەنىي ئاقارتىش تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى» دەپ نام بەردى. ئۇ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ئۇچىسۇمۇللۇق شۇۋە سودىگەر چۆلەپ دېگەن باينىڭ چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ئۇنىسىز كىنو ئاپپاراتىنى ئارىيەت ئېلىپ مۇراسىم ئەھلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۈنسىز كىنو قويۇپ بەردى. بۇ بىر قىيتىملىق ئىلىم-پەن تەشۋىقاتى بولۇپ قالدى. خەلقنىڭ پەننىي مائارىپ قىزغىنلىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەپ ۋە كلۇب قۇرۇلۇشىنى يۈتكۈزۈش ئۈچۈن دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. خونخاي يېزا خەلقى «يۇرتىمىزغا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە كۆڭۈل ئېچىش كلۇبى قۇرۇلىدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولۇشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «يۇرتىمىزغا ھۆكۈمەتتىن ناھايىتى كۆپ باج سېلىق چۈشۈپتۇ. ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا، تولۇق تاپشۇرمىسا شۇ كىشىنى يامۇلغا تاشلىغۇدەك...» دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپ، خەلق ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ. ئەسلى ئىشىنىڭ بېشى مۇنداق بولغانىكەن، جىن شۇرېن 1928-يىلىدىكى «7-ئىيۇل» سەياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، خەلقنىڭ بېشىدىكى ئالۋاڭ ياساق، باج-سېلىقلار ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن بايلىقلارنى تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن شىلىۋېلىپ، ئۆز چۆنتىكىنى تۇشقۇزۇشقا ئورۇنىدۇ. باج سېلىقنى تولۇق يىغىۋېلىش ئۈچۈن خەلقنىڭ باج يىغىش ھوقۇقىنى ئاز ساندىكى مەرتىبە ئىگىلىرىگە، بايلارغا ۋاكالىتەن يىغىپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ بېرىۋېتىدۇ. بۇ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بىر قىسىم قىزىل كۆز بايلار خەلق ئامىسىدىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقنى يەنىمۇ ئۆستىلەپ يىغىپ، ھارام پايدىغا ئېرىشىش كويىغا چۈشىدۇ. نەتىجىدە، خەلقنىڭ سېلىقى ئېشىپ، ئىلگىرىكى يۈز باش قوينىڭ بېجىغا ئۈچ قوي، ياكى ئىككى باش كالا تاپشۇرۇش بىراقلا ئون قوي ياكى يارامىلىق بىر ئات تاپشۇرۇشقا ئۆستۈرۈلىدۇ. خەلق «چارۋا مال ساناقچىلىرى كەپتۇ!» دېسە جانىنى ئېلىپ قويىدىغان يەر تاپالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

غۇلجا شەھىرىدە 40 يىلدىن ئارتۇق باج خادىمى بولۇپ ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان 96 ياشلىق يولداشباي ئاكا (ماھنۇر قاسىمنىڭ ئاكىسى رۇستەم ئاكىنىڭ قېيىن ئاتىسى بولىدۇ) ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ

كېلىپ: «1930 ـ يىلى چاپچالنىڭ جانلىق مال بېجىنى غۇلجا شەھەرلىك باجخانىنىڭ باشلىقى سېتىپ ئالغانلىقتىن مەن خونخاي مازارنىڭ جانلىق مېلىنىڭ چوّپ ئۈچى بېجىنى يىغىشقا ئەۋەتىلدىم. بۇ يەرگە بۆلۈنگەن ئات، كالا، قوينىڭ باج سانى كىشىنى چۆچىتەتتى، بۇنى يىغىپ بولغىچە خەلققە زۇلۇم سېلىنىش ئېنىق ئىدى. مەن خونخاي مازارغا چىقىپ، خوجايىن شاڭيو، ھۆسەيىن شاڭيو، ئەنسەردىن سۇنجاڭلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار ئون نەچچە كىشىنى چاقىرتىپ كەلدى. بىز مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق باجنى ئاۋال ئاۋامدىن، ئاندىن بايلاردىن ئالىدىغان بولدۇق. ئاتلىق بەش چاپارمەننى يېزا قىشلاقلارغا چاپتۇرۇپ، 600دىن ئوشۇق كىشىنى يىغدۇق، ئۇلارغا غۇلجا باجخانىسىنىڭ شۇ يىللىق چوّپ ئۈچى بېجى ئېلىش بۇيرۇغىنى ئۇقتۇردۇق. بىز، بۇ يىل چوّپ بېجى ئۈچۈن بىر ئاتقا بىر فۇت بۇغداي، بىر كالىغا يېرىم فۇت بۇغداي ئېلىنىدۇ. بىر ئېشەككە بىر شىڭ بۇغداي، ئۆچكە بىلەن قويغا ئوخشاشلا يېرىم شىڭدىن بۇغداي ياكى پۇل ئېلىنىدۇ. كىمدە كىم بۇ سېلىققا قارشىلىق قىلىدىكەن ئۆزىنى دوتەي يامۇلىدا كۆرىدۇ، دېگەنلەرنى ئۇقتۇرۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز مەكتەپ تەرەپتىن بىر كىشى كېلىپ، بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن خوجايىن شاڭيوغا:

ـ خوجايىنكا بۇ نېمە ئىش، ئەندى؟!ـ دېدى. مەن ئالدىراپ:

ـ يۇقىرىدىن باج سېلىق چۈشكەن ئېكەن ئاۋامغا ئوقتۇرىۋاتىمىز ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئۆزەڭنى دوتەي يامۇلىدا كۆرىسەن دەپمۇ ئۇقتىرامسىلەر! بۇ ئاۋامغا تەھدىت سالغانلىق ئەمەسمۇ! خەلق نامرات تۇرسا نېمىسىنى تۆلەيدۇ؟ دېدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ:

ـ سىلەر قايتىپ خاتىرجەم ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار. سىلەرگە باج كەلمەيدۇ. ئەگەر باج كەلسە مەن تۆلەيمەن! ـ دەپ كەلگەنلەرنى تارقىتىۋەتتى. ئۇ يەنە زەردە بىلەن مۇنۇلارنى دېدى:

www.uyghurkitap.com

ـ خوجايىنكا، سىلەر ئاۋامنىڭ ئەھۋالىغا قارىماي كىم گەپ قىلسا شۇنى راس دەپ، كىم داپ چالسا شۇنى ساز دەپ ئۇسسۇل ئويناۋېرىدىغان بولدىڭلار. قالغان گەپ سۆزنى ئاخشاملىققا يۇرت چوڭلىرى يىغىلغان سورۇندا دېيىشەرمىز. ئۇلارغا جاۋابنى ئۆزەم بېرىمەن. سىلەر يېزىغا قاراشلىق قىشلاقلاردىكى بايلارنى يىغىڭلار! ـ دېگەندىن كېيىن، مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، جۇدۇنى ئۆرلىگەن هالدا كېتىپ قالدى. مەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن بۇزغان بۇ يوچۇن ئادەمگە هەيران قالغان هالدا يېنىمدىكىلەردىن:

ـ بۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇلار:

ـ ئىمىنجان باهاۋۇدۇن دېگەن خەلپەم موشۇ كىشى ـ دېدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى يۇرت بايلىرى جەم بولغاندا ئىمىنجان باهاۋۇدۇن مېنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە:

ـ خوش كۆپچىلىك، يۇرتىمىزغا باج يىغىش ئۈچۈن غۇلجا شەھرىدىن يولداشباي چىقىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ئىشىنى قانداق پۈتتۈرۈپ يولغا سالىمىز، ـ دېدى. كۆپچىلىك بۇ ئىشنى خېلى ئۇزاق غۇلغۇلا قىلىشتى. لېكىن، ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئارىدا ئىمىنجان باهاۋۇدۇننى سۆككەنلەرمۇ، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلارمۇ بولدى. ئاخىرى هەممەيلەن يەنىلا ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى؛

ـ خۇلاسە كالام، ـ دېدى، ئىمىنجان باهاۋۇدۇن كەسكىن هالدا، ـ مەنچە جانلىق مالنىڭ چوپ ئۈچى بېجىنى چارۋىدارلار تۆلەيدۇ. چۈنكى ئولتۇرغانلىرىمىزنىڭ ئالدىمىزنىڭ نەچچە مىڭلاپ ئارقىمىزنىڭ نەچچە يۈزلەپ تۆگە، ئات، كالا، قويلىرىمىز بار. باجنىڭ كۆپ قىسمىنى يەنىلا بىز تۆلەشكە هەقلىق. شۇنداق تۇرۇقلۇق نەدىمۇ ئىككى تۆرت تال چولاق مېلى بار ئاۋامغا باج تۆلەتكۈزىدىغان ئىش بولسۇن! ئاۋام باج تۆلىمىگەندەك قىلغىنى بىلەن مەكتەپ ۋە كلۇب قۇرۇلۇشىغا ئاز كۈچ چىقارمايۋاتىدۇ. بىز پۇل چىقارغان بىلەن قول سېلىپ ئىشلىگىنىمىز يوق. ئىشنىڭ ئېغىرىنى يەنىلا شۇلار

قىلىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى ۋە يانچۇقىدىن بىر تىزىملىكنى چىقىرىپ، ـ مەن ئۇزاق ئويلىنىپ باج تۆلىگۈچىلەرنى مۇنداق تۆرت دەرىجىگە ئايرىدىم، ـ بىرىنچى دەرىجە بويىچە باج تاپشۇرىدىغانلار: جۇ جاڭگويى، ئابدۇرېھىم ھاجىم، ئەۋەز، مۇخپۇللا، جەكسىنبە، غىياسىدىن ئىمام، سىرىمباي، دەۋتىبېك، بولاتباي، ماناپ قاتارلىقلار. ئىككىنچى دەرىجىلىك باج تاپشۇرىدىغانلار: ئويماندارۇت، دوڭداۋۇت، ياقۇپ ئاخۇن، شېرىپ ئاخۇن، خوجام بەردى، ناغا، چىلە قاتارلىقلار. ئۈچىنچى دەرىجىلىك باج تاپشۇرىدىغانلار: ھاسان تاغا، داۋۇت تاغا، دوگان تاغا، خۇشنەزەر تاغا قاتارلىقلار. تۆرتىنچى دەرىجىلىك باج تاپشۇرىدىغانلار: ئىمىنجان باھاۋۇدۇن، سارسېنبە، ئەماتا، ساۋۇت، ھۆسەيىن، ئەنسەردىن قاتارلىقلار. باج مال سانىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدى. مېلى جىقلار جىق، ئازلار ئاز تاپشۇرىدۇ ـ دەپ بولۇپ كۆپچىلىككە يۈزلىنىپ:

ـ چېگارا ساقلاش ئەترىتىدىكى گودارىنغىمۇ مال سانىغا قاراپ تېگىشلىك باج پۇلى چاچتىم. ئەگەر بۇنىڭغا رازى بولمىساڭلار ساناقچى ئازات باينىڭ تىزىملىكىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار! ـ دېدى. گودارىن كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن مۇنۇلارنى دېدى:

ـ ئىمىنجان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىچىدە ئابرۇيلۇق، دۇرۇس كىشى، ھەرگىز كىشىنىڭ ھەققىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. مەن ئۇنىڭ تەقسىماتىنى ئادىل بولدى دەپ قارايمەن ـ دەپ تەقسىماتنى بېكىتتى.

شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق باج يىغىۋېلىش باشلىنىشى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەل بولغان بولدى. ئەگەر مەن ئۆزەم يالغۇز قاتراپ يۈرۈپ باج پۇلى يىغىدىغان بولسام، باج يىغىش ئىشى بىر نەچچە يىلغا سوزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. مەن ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەل ئىچىدە يۈزۈمنى يورۇق، يولۇمنى راۋان قىلغانلىقىغا تا ھازىرغىچە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەي كەلدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ خەلق ئارىسىدا ئابرويى ئۈستۈن، توغرا كېسەر ئادەم ئىدى»، ـ دەپ ھېكايەت قىلىپ بەرگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقىدا كولاكلارنى يوقىتىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلۇشى بىلەن تەڭلا 1928 ـ يىلى رۇس مىللەتچىلىكى ۋە مىللىي مەنپەئەتپەرەسلىكى ئەۋج ئېلىپ، مىڭلىغان ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا ناھەق زەربە بېرىلىدۇ. ئەنە شۇ قاتاردا سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى، تارىخچىسى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋ (نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋ 1887 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە ياشىغان) ناھەق قارىلىنىپ، قولغا ئېلىنىش ئالدىدا چاپچالغا قاراشلىق خونخاي مازارغا سوۋېت يېرى غالجاتتىن قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسى كۆچۈپ كەلگىچە بىزنىڭ ئۆيدە پاناھلىنىدۇ. بۇ دەل دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى» نى يېزىۋاتقان مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر بالىسى ئابدۇسەمەتوۋنىڭ مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا دادامنى پاناھ تارتىپ كېلىشى پۈتمەس تۈگمەس خۇشاللىنارلىق ئىش ئېدى. دادام ئۇنىڭ بىلەن تارىخ تەتقىقاتى ھەققىدە كەڭ كۇشادە پاراڭلىشىش، ئۇنىڭ «ئىلى تارانچى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى تەپسىلاتلاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

1931 ـ يىلى خونخاي مازار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن مەكتەپ مۇدىرى دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئائىلىسى ئادەم ئەۋەتىپ، سوۋېت يېرى دولاتادىن ئەزىم سۇچەكوۋنى، ئاقسۇدىن خوسۇل شېرىپىنى، غالجاتتىن قەمىردىن بىلەن ئوبۇل پازىلنى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلىغان ئېكەن. بۇ ھەقتە پېشقەدەم مائارىپچى ئەزىم سۇچاكوۋ بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ ماڭا: «1931 ـ يىلى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن بىزنى سوۋېت ئېلىدىن ئوقۇتقۇچىلىققا ئالدۇرۇپ كەلگەندە مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇرغانىدىم. ئۇ كىشى ھەمىشە تاڭ ئاتقۇچە ھەر مىللەت يېزىغىدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ خاتىرە قالدۇراتتى، مەن ئۇنىڭ تىنىم تاپماي ئىزدىنىش روھىدىن ھەيران قالغانىدىم. ئىمىنجان ئاكىنىڭ بىرەر مۇنتىزىم مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەن تۇرۇپ، مەندىنمۇ ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغانىدى. ئۇنىڭ خونخاي مازاردىكى خىلۋەت تاغلىق يېزىدا ياشاۋېتىپمۇ، بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشى، ئەينى چاغدىكى كىشىلەردە ئاز كۆرگىلى بولىدىغان «كىرۇپ»

ماركىلىق داڭلىق يانچۇق سائاتنى ئىشلىتىپ يۈرۈشى، مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئېسىل قەلەم بىلەن خەت يېزىشى مەن ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ تۇيۇلغانىدى. مەن ئاخىرى بۇنىڭ تەكتىگە يەتمەك بولۇپ:

ـ موللا ئاكا (بىز ئادەتتە ئۇنى شۇنداق ئاتايتتۇق) سىز بۇ بىلىملەرنى نەدىن ئۆگەنگەن ئىدىڭىز؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ بىر هازادىن كېيىن كىتابلىرى ئارىسىدىن بېغىررەڭ تاشلىق بىر توم كىتابنى چىقىرىپ:

ـ مەن بىلىمنى دەل مۇشۇنداق كىتابلاردىن ئۆگەندىم. بۇ كىتاب كۆپ تىللىق لوغەت، ئەگەر سىز تىل ئۆگىنەي دىسىڭىز، مانا موشۇ كىتابنى ئۇستاز تۇتۇڭ! ـ دېگەندى. مەن:

ـ «ئاپىرىن! مۇنداقمۇ تۇغما قابىلىيەتلىك كىشىلەر بولىدىكەن ـ هە، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىدىم»، ـ دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن يەنە تارىخ تەتقىقاتىغا پايدىسى بار دەپ قاراپ، ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇلكۈرە ناهىيەسىگە بېرىپ كېلىپ يۈرۈپ، مەخسۇس بىر يىل موڭغۇل تىل يېزىغىنى ئۆگەنگەنىكەن.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى، ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتەردى، خەلق ئىچىدە، هاكىمىيەت ئورگانلىرى ئالدىدا يىراقنى كۆرەرلىكىنى، يارامىلىق، ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. 1934 ـ يىلى توققۇزتارا ھاكىمى نەزەرخان غوجا ئۇنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىۋالدى. 1936 ـ يىلى چاپچال ئۆز ئالدىغا ناهىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا دادام چاپچال ناهىيەلىك مائارىپ بۆلۈم باشلىقى، دىنىي نازارەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. يۇرت ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر ياقلىق قىلىش، يول، كۆۋرۈك ياساش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمىتى مەزگىلىدە چاپچال ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ، مەيلى قايسى دەۋردە، قانداق خىزمەت ئىشلىسۇن ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى مۇقەددەس ۋەزىپە بىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي ئىشلارنى ئىشلەپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇ، نەزەرخان خوجىغا كاتىپ بولغاندا توققۇزتارادا زەي ئاپىتى ئېغىرلىشىپ، خەلققە ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان بالايى ـ ئاپەتنى كەلتۈرۈپ تۇراتتى، ھەتتا ناھىيە مەركىزى ھازىرقى ئورۇندىن ئىلاجسىز تاشتۆپىگە يۆتكەنگەنىدى. دادام كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زەي ئاپىتىنى يوقىتىش توغرىسىدا ھاكىمغا: كەڭ تۇردە زەيكەش قېزىش، كونا بازار (دۆڭمەھەللە بىلەن ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسى) نىڭ غەربىدىن ۋە ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن شىمالغان قارىتىپ زەيكەش قېزىپ، زەي سۈنى ئىلى دەرياسىغا ئېقىتىش، زەي ئاپىتىنى پەيدا قىلىۋاتقان موڭغۇل ئۆستەڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مويونگۆزەر تاش داۋان ئۇيغۇر ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ چېپىش، ناھىيە مەركىزىنى ھازىرقى ئورۇنغا كۆچۈرۈش، كونا بازار خەلقىنى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈككە كۆچۈرۈپ، «دۆڭمەھەللە» نامىدىكى مەھەللىنى بەرپا قىلىپ، خەلقنى زەي ئاپىتىدىن ئازاد قىلىش تەكلىپلىرىنى بېرىدۇ. ھاكىم بۇ تەكلىپلەر ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، يۇرت مۆتىبەرلىرى، ئەللىك بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى دېگەنلەرنى يىغىپ مەسلىھەت، كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ، يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ سەمىگە سالىدۇ، تەكلىپ ئاخىرى قوبۇل كۆرۈلىدۇ. شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ھالسىز ئىدى. شۇ قەدەر زور قۇرۇلۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلانماي بولمايتتى. يۇرت مۆتىبەرلىرى: «ئاۋامنىڭ كۈچى تەڭداشسىز، ھاشار قىلىش يولى بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش كېرەك» دېيىشكەندە، دادام ئىمنجان باھاۋۇدۇن خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، بۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھاكىمغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ بېرىدۇ: 1 ـ ھۆكۈمەتتە يىغىلىپ تۇرۇپ قالغان بەيتۇل مالنى ئىشلىتىش؛ 2 ـ ئۆشرە ـ زاكاتنى ئىشلىتىش، ھاكىم بىلەن ئابدۇرېشت داموللام (شۇ چاغدا ناھىيەلىك دىنىي نازارەتنىڭ باشلىقى

ئىدى) يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان زاكات پۇلنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلىپ ۋىلايەتلىك دىنىي نازارەتكە بىرلىكتە خەت يېزىش، 3 ـ زەي ئاپتىنىڭ تېرىلغۇ يەر، ئوتلاقتا بولغان زىيىنىنىڭمۇ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ چاپچال چېگراسىدىن توققۇزتارا موخۇرغىچە بولغان 36 شاخېيولۇق يەردىكى بايلاردىن تېرىلغۇ يەر ـ ئوتلاقنىڭ خوجايىنى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇناسىپ هالدا قۇرۇلۇش خىراجىتى يىغىش. نەزەرخان غوجا ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلىك ئەمەلدار ئىدى. نەتىجىدە دادامنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ بايلاردىنمۇ قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن چارۋا مال، ئاشلىق، نەق پۇل يىغدۇرىدۇ.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ توققۇزتارا خەلقىنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن يەنە بىر ھەققانىي ئىشى شۇكى، ناھىيە يامۇلىنىڭ شۇ چاغدىكى دورغىسى توختى چولاق ئۆكتەملىك، ئىپلاسلىقتا چېكىدىن ئاشقان بولۇپ، ھە دېسىلا گۇناھسىز كىشىلەرگە تۆھمەتتىن تۈك ئۈندۈرۈپ يوقلاڭ گۇناھلارنى ئارتىپ، قاماققا ئالاتتىكەن. قىز چوكانلارغا يولسىزلارچە پوخۇرلۇق قىلىپ، زۇلۇم سالاتتىكەن. خەلق ئۇنىڭغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ھۆكۈمەتكە تالاي قېتىم ئەرز سۇنغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئەرزىنى سورايدىغان ئادەم يوق بولغاچ توختى چولاق ئۆز بىلگىنىنى قىلىۋېرىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دادام ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى نەزەرخان غوجامغا مەلۇم قىلىپ، توختى چولاقنى يامۇلدا ياتقۇزغان. ئۇ ناھەق قولغا ئالغان 20 نەپەر «گۇناھكار» نى بوشاتقۇزۇپ ۋە بۇ مۇتىھەمنىڭ خورىكىنى يەرگە ئۇرۇپ، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى ياقلىغان ئىكەن.

چاپچال ناھىيەسى توققۇزتارا دىن بۆلۈنگەندە، ھۆكۈمەت تەرەپ نەزەرخان غوجىنى غۇلجا شەھىرىگە دوتەي قىلىپ يۆتكەيدۇ. نەزەرخان غوجا ئۆزىنىڭ كاتىبى بولۇپ ئىشلەۋاتقان دادامنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا دادام:

ئۇيغۇر كىتاب تورىغىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلكىترونلۇق لادرىسى
www.uyghurkitap.com

ــ مەن مائارىپ كەسپىنى قىزغىن سۆيىمەن. ئەگەر ياخشىسى ئۆز يۇرتۇمنىڭ مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىغا كۈچ چىقىرىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز!،ــ دەپ چاپچالغا قايتىش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ چاپچالغا قايتقاندىن كېيىن چاپچال ناھىيەلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، دىنىي نازارەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ. قوشۇمچە يەنە ناھىيەنىڭ يول ـ كۆۋرۈك، سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئاممىۋىي ئىشلارغىمۇ باشچىلىق قىلىدۇ. دادام چاپچال مائارىپىنى تۈزتقان چاغلاردىن ئانا يۇرتىنىڭ يەننىي مەكتەپ مائارىپىغا نۇرغۇن يۇرەك قېنىنى سەرپ ئەتكەن ئىدى. ئۇ قىسقىغىنە تۆرت يىل ئىچىدە ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ يىراق يېزا ـ قىشلاقلارغا سەككىز يەننىي مەكتەپ سالدۇرۇپ، چاپچال يېزىلىرىنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا ئۇنتۇلغىسىز تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. بۇ مەكتەپلەر: 1. جېرەن بۇلاق دېگەن يەرگە بىر قازاق مەكتەپ سالغۇزغان (ئورنى ھازىرقى 67 ـ پولك تەۋەسىدە) ئوقۇتقۇچىسى ئەۋەلقان (قازاق). 2. شاقىرما دېگەن يەرگە بىر موڭغۇل مەكتەپ سالغۇزغان (ئورنى خونخاي مازىرىنىڭ شەرقىدىكى تاغ باغرىدا) ئوقۇتقۇچىسى بات توچۇك (موڭغۇل). 3. كىچىكبۇغراغا ئۇيغۇر مەكتەپ سالغۇزغان، ئوقۇتقۇچىسى ئاسىم مەسۇم(ئۇيغۇر). 4. قوجورتايغا قازاق مەكتەپ سالغۇزغان، ئوقۇتقۇچىسى يىمام مۇقاممەت (قازاق). 5. سوفۇم بۇلاققا ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپ سالغۇزغان، ئوقۇتقۇچىسى ئەختەمباي (ئۇيغۇر)، ئەۋەلباي (قازاق). 6. ئۆكۈرجىگە موڭغۇل مەكتەپ سالدۇرغان، ئوقۇتقۇچىسى پورۋە (موڭغۇل). 7. ئالمالىغا قازاق مەكتەپ سالغۇزغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى ھېسامىدىن ئەپەندى (ئۇيغۇر) دېگەن كىشىلەر ئىدى. دېمەك، ئۇ چاپچالنىڭ مائارىپ ئاقارتىش ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئىمىنجان باھاۋۇدۇن دېگەن مۇبارەك نامى گويا باھار يامغۇرىدەك چاپچالنىڭ تاغ دالىلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

1940 ـ يىلى شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، 2 ـ قېتىملىق ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك توپلاڭ ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقاردى. كوممۇنىستلارنى، ئىلغار زىيالىلارنى، ياپونغا قارشى دېموكراتىك زاتلارنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلدى. بۇ قېتىمقى تۇتقۇندا دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇنمۇ قولغا ئېلىنغان بولۇپ، دەسلەپ سۇمۇل (چاپچال) ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە قامالدى. 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەنە شۇ ۋاقىتلاردا توغرا كۆۋرۈكتىكى «دايول تۈرمىسى» گە (ھازىرقى ئىلى تېلېۋىزىيە ستانتسىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) يۆتكەلدى. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى «دايول تۈرمىسى» گە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىندى چىقىلدى. دادام تۈرمىگە تاشلىنىشىنىڭ ئالدى كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىشلار خۇددى ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. قولغا ئېلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن دادام سۇمۇل ھاكىم مەھكىمىسىدىن خونخاي مازاردىن ئۆيىمىزگە چىققانىدى. ئۇ ئاۋال ئاپام زەينەپخانغا ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىدىن كۈن چىقىشقا جايلاشقان 400 مېترچە ئېگىزلىكتىكى قىيا تاشنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ نېمىندۇر بىر نېمىلەرنى جېكىلىدى. ئاندىن ئەزىم سۇچەكوۋ، خۇسۇر شېرىپ، قەمىردىن، ئوبۇل پازىل قاتارلىق ئەپەندىلەرگە قاراپ:

ـ قارىغاندا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى مېنى يەپ كىتىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇلار «چەتنىڭ مائارىپىنى كىرگۈزدۇڭلار» دەپ تۆھمەت قىلسا، بارلىق جاۋابكەرلىكنى ماڭا ئارتىپ قويۇڭلار! ـ دېدى.

دادامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئاپامغا زادى نېمىلەرنى تاپىلىغانلىقىنى ئۇ تۇتقۇن قىلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇقتۇم. ئەسلىدە دادام ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ كەلگەن كىتابلىرى ۋە تارىخ ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىپ يېزىۋاتقان قول يازمىلىرىنى تۇتقۇن قىلغۇچىلارنىڭ ئاختۇرۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆيىمىزگە ئانچە يىراق بولمىغان 400 مېتر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قويغانىكەن. ئەل ياتقۇ ۋاقتى ئىدى. ئاپام ماڭا نەۋرە ئاكام ھاشىمنى چاقىرتقۇزۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

- ھاشىم، موللا داداڭنىڭ قىيا تاش ئۆڭكۈرىگە يوشۇرغان كىتابلىرىنى كېچىلەپ ئېلىپ چۇشۇپ، ئوتالىپ (ئۇيغۇر) نىڭ تۇگمىنىگە يوشۇرۇپ قويدۇم. ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ چۇشۇپ بەرگىن! - دېدى. ھاشىم ئاكام ناھايىتى جىگەرلىك، قورۇقماس يىگىت ئىدى. ئۇ كېتىپ بىردەمدىلا كىتابلارنى ئېلىپ چۈشتى ۋە ئانامغا:

- تاغارغا قاچىلىغان كىتابلار بەك ئېغىر ئىكەن، ئاتقا ئارلان ئارتىپ چۇشتۇم. كىچىك ئانا، سىز ئايال كىشى تۇرۇپ قانداقمۇ تاغدىن ئېلىپ چۇشكەنسىز؟ - دېدى، ئانام:

- بالام، بۇ نەرسىلەر موللا داداڭنىڭ جېنى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يېزىپ چىققان قول يازمىلىرى ۋە كېرەكلىك كىتابلىرى بولغاچقا جېنىمنى تىكىپ، غەيرەتكە كېلىپ كۆتۈرۈپ چۇشتۇم. بۇنى مەندىن باشقا ھېچ كىم بىلمەسلىكى كېرەك ئىدى، بۇگۈن بېشىمغا ئېغىر كۈن چۇشۇپ سىلەرگە ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەتە سىلەرنى ئەلنىڭ كۆزىچە «ئوغلۇم ئابدۇشۇكۇر ئاغرىپ قالدى. ھاشىم ئاكىسى ئۇنى ئۇچسۇمۇلدىكى تىۋىپقا ئاپارماقچى» دەپ يولغا سالىمەن. دولاتاغا بارغاندىن كېيىن ئاتنىڭ بېشىنى غۇلجا تەرەپكە بۇراپ ئالتە سۇمۇلنىڭ تۆۋىنىدىكى تاۋۇزچى ۋاسلىي (رۇس) غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇچسۇمۇلغا قايتىڭلار! - دېدى.

دەرۋەقە مېنى ئاغرىق دېسە خوشىنلارمۇ، ئۆيىمىزنى پايلاۋاتقانلارمۇ قىلچە گۇمانلانمايتتى. سەۋەبى، دادام تۇتۇلغان كۈنى ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى چېگرا ساقلاش ئەترىتى قورۇسى ئىچىگە قامالغانىكەن، ئۆگزىدە تۇرۇپ قارىسا قورۇ ئىچىدىكى ئىشلار «مانا مەن» دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئاتقا ئوت سالغىلى ئۆگزىگە چىققاندا، تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان دادامغا كۆزۈم چۇشۇپ قالدى، مەن ئۇنىڭ كىيگەن ئاپپاق

كۆينەك، تامباللىرىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزەمنى تۇتۇۋالماي «دادا!» دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتىمەن. تۇيۇقسىز «گۇم» قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئۆگزىگە يىقىلدىم. شۇ يىقىلغانچە ئۆيدە ئۈچ كۈن ھوشسىز يېتىپتىمەن. بىز مېڭىشتىن بۇرۇن، ئانام مېنىڭ باش كۆزۈمنى تۇخۇمدا تەڭلەپ، خۇددى ئاغرىقلاردەك ھارۋىغا ياتقۇزۇپ ئۇزاتتى. بىز ئانامنىڭ تاپشۇرۇقىنى شۇ پېتىچە ئورۇندىدۇق. كېيىن تاۋۇزچى ۋاسلىينىڭ دادامنىڭ ئامانىتىنى ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىنغا ساق سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇق.

دادامنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرەپ ئائىلىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق مالچىسى ۋە دادامنىڭ قەدىناس دوستى ئوتارباينىمۇ «دادام بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ قولغا ئالغان بولۇپ، ئۇنى دادام قامالغان ئۈچسۇمۇل ساقچىخانىسىغا قامىماي، ئۇدۇل غۇلجا شەھىرىدىكى باش ساقچى تۈرمىسىگە قامىغانىدى. ساقچىدىكىلەر ئوتاربايىنى: «ئېيت، ئىمىنجان باھاۋۇدۇن بىلەن قانداق خۇپىيانە ئىشلىرىڭ بار؟» دەپ ئېغىر قىيناققا ئېلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سىرتتا بىر كىشىنىڭ ئېغىر كىشەننى شاراقلىتىپ ماڭغانلىقىنى بايقايدۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ كىم بولغىيدى؟» دېگىنىچە قاماقخانا ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، بېشىغا تاغار كىيگۈزۈلگەن بىر تەمبەل مەھبۇسنى سوراقخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە ـ مۇشۇ كىشى بەلكىم مولداكە (ئۇ دادامنى ھۆرمەتلەپ شۇنداق ئاتايتتى) بولۇشى مۇمكىن... دەيدۇ ـ دە، ئۇنى سوراقتىن ئېلىپ قايتاشىدا سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ ئۇنىنى چىقىرىپ مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇيدۇ:

مولداكەيۇ، مولداكە،
قايتسام ئېكەن مولداكە؟
قالمادى جانىم چىبىنداي،
ئايتسامىكەن مولداكە...!

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان دادام (بۇ دەل دادامنىڭ ئۇچسۇمۇل ساقچىخانىسىدىن باش ساقچى تۇرمىسىگە يۆتكەلگەن كۈنلىرى ئىكەن) دەرھال: ــ ئۇتارباي مېنى «مولداكە» دەپ چاقىرىدىغان، ئۇمۇ مۇشۇ يەرگە قامالغان بولمىسۇن، يەنە ــ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە ئەتىسى سوراققا ئېلىپ چىققاندا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ مۇنۇ قوشاقنى توقۇيدۇ:

تان ــ تان دوستۇم تان دوستۇم،
تانساڭ جانىڭ قالار دوستۇم.
تاياققا ھېچكىم ئۆلمەيدۇ،
تانساڭ جانىڭ قالار دوستۇم.

بۇ قوشاقتىن ئەقىلگە كەلگەن ئۇتارباي سوراقتا نىمە دېيىش كېرەكلىكىنى پەملەيدۇ ــ دە سوراق قىلغاندا:

ــ مەن ئىمىنجاننىڭ بىر قارا دوقال ئۆكۈزىنى «ئوغرى ئالدى» دەپ سوۋېت يېرىگە ئاپىرىپ سېتىۋەتكەن، «گۇناھىڭ بارمۇ؟» دېسەڭلار پەقەت مۇشۇ گۇناھىملا بار، ــ دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۈچ ئاي بولدى دېگەندە تۇرمىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىدى.

1945 ــ يىلى، 1 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى شەرقىي تۈركستان ھۆكۈمىتىدىن «ئىمىنجان باھاۋۇدۇن سىز چاپچال ساقچى ئىدارىسىگە نەچەلىك ساقچى ئىدارە باشلىغى بولۇپ تەيىنلەندىڭىز، مۇشۇ ئۇقتۇرۇش قولىڭىزغا تەككەن ھامان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوماندانلىق ئىشتابىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، خىزمەتنى تاپشۇرۇپ ئالغايسىز»، دېگەن ئوقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. ئادەتتە كىشىلەر ئەمىلى ئۆسسە خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلاتتى. ئەمما دادام ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ جىددىي، سۇرلۇك قىياپەتكە كىردى. كىمدۇر بىرى بىلەن زاكونلىشۋاتقاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپتە ئۇچقۇندايتتى. ئۇنىڭ غەزەپلىنىدىغىنى شۇكى، 1940 ــ يىلىدىكى چوڭ تۇتقۇندا قولغا ئېلىنىپ تۇرمىگە تاشلانغانىدى. شۇ چاغدا چاپچالنىڭ 400 ئائىلىلىك خونخاي

مەھەللىسىدىن 251 ئادەم قولغا ئېلىنىدى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە قولغا ئېلىنغان ئادەم 60 مىڭغا يەتتى. بۇلاردىن قانچىلىكى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى نامەلۇم. ئامما ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا گومىنداڭ غۇلجا شەھەرلىك ساقچىنىڭ تاھارەتخانىسىدىن 251 جەسەت چىققانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆز بولسىلا دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن غەزەبلىنىپ ئولتۇرالماي قالاتتى. تارىخنىڭ قىسمەتلىرى نەقەدەر ھەيران قالارلىق ـ ھە؟ ئۇ، ئەندى ئادەم قامايدىغان يەنە كېلىپ ئۆزىنى قامىغان ساقچىغا باشلىق بولۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭ ئۇقتۇرۇش ئالغان چاغدىكى چىراي ئىپادىسىدىن تۇرمە ئازابلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ دىكتاتۇرىنى خەلق دۈشمەنلىرىگە قارىتىپ، يېڭى تاڭنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشنى نىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدۇق. دەرۋەقە، ئۇ ساقچىغا باشلىق بولۇپلا ئىشنى گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاشتىن باشلىدى، ئېغىر جىنايىتى بار شپىيونلارنى ساقچىغا يىغدى، خەلقنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ، ئەستايىدىل ئېنىقلاپ دادىل بىر ياقلىق قىلدى.

1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۇمۇل (چاپچال) ناھىيەسىدىكى سەككىز يۇرتنىڭ نەچچە يۈزلىگەن دېھقانلىرى: «ھازىر ھۆرىيەت ئېچىلدى. تارىختىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان خونخاي غولىدىن ئېقىپ چىقىدىغان غاپپار (ئاپپار ئەمەس)، دولاتا، سېتىۋالدى، ئابدۇساتتار، چوڭبۇغرا، كىچىكبۇغرا ئۆستىڭى ۋە سۇلىرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ھەم بۇ ئارقىلىق سۇغۇرىلىدىغان يەرلەرنى ھۆكۈمەت قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرسۇن! بولمىسا ئۆزىمىز قايتۇرىۋالىمىز.» دەپ ئەرز يېزىپ، ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىغا كېلىپ غەۋغا كۆتۈرگەن. بۇ چاغدا دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ يوقىرىغا يوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا چىقىپ:

ـ سىلەر ھازىرچە قايتىپ كېتىپ كۈتۈپ تۇرۇڭلار. بىز شۇۋەلەر بىلەن تارىختىن بۇيان ئىناق ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بىھۇدە جېدەل ـ ماجرا قىلىشساق بولمايدۇ. ھەر قانداق ئىش بولسا ئۆز ئارا سۆزلىشىش ئارقىلىق

ھەل قىلىشىمىز كېرەك،ـ دەپ كەلگەن دېھقانلارنى تارقاپ كېتىشكە كۆندۈرگەن ئىدى. ئەسلى ئىشنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق بولغانىكەن:

ئېلىمىز تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە 1864 ـ 1867 ـ يىللىرى قوزغالغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىدا چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا، دۆڭ مەھەللە، سېتىۋالدى، دولاتا، خونخاي مەھەللىسى دېھقانلىرى شۇەلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئاققوزا مىراب رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، كۈرە، باياندای سېپىللىرىدا قامىلىپ قالغان مانجۇرر چېرىكلىرى ئۈچۈن موھۇلكۈرەدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلاپ قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە قىلىشىدا زور رول ئوينىغانىدى. 1868 ـ يىلى مىللىي ماجرالار تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندا مانجۇر چېرىكلىرى ئاققوزا مىراب باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى ئىنتايىن ۋەھشىيلىك بىلەن قىرىپ ئۆچ ئالغانىدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «چوڭبۇغرا، كىچىكبۇغرا، دولاتا، خونخاي، سېتىۋالدى، دۆڭ مەھەللە قاتارلىق 8 يۇرت خەلقى باش پاناھ ئىزدەپ خونخاي غولىنىڭ جەنۇبىدىكى دىلمۇك تېغىنى باغرىلاپ قېچىپ، يەتتىسۇدىكى ئاقسۇ، دولاتا، باين قازاق، كىچىكبۇغرا، چوڭبۇغرا، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا يەنە ياركەنتكە يېقىن خونخاي دېگەن يېزىلارنى قۇرۇپ ئورۇنلاشقان. چۈنكى رۇسىيە 1864 ـ يىلى، 10 ـ ئاينىڭ، 7 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە زورلۇق بىلەن ئىمزالىتىۋالغان «رۇسىيە ـ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش خاتىرىسى» ئارقىلىق جوڭگو تەۋەلىكىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى يەرلەر رۇسىيەگە قارام بولۇپ قالغانىدى. قاچقۇنلارنىڭ بىر قىسمى كۆنەلمەي 1870 ـ يىللىرى قورغاس ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە يېنىپ كېلىپ سېپىل ياقىسىغا، يەنە بىر قىسمى ھەر قايسى يۇرتلارغا تارىلىپ ئورۇنلاشقان، شۇ قېتىملىق كۆچ ـ كۆچتە خونخاي مازار شەيخلىرىمۇ پۈتۈنلەي قېچىپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. 1881 ـ يىلى «جوڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» بويىچە ئىلى ۋىلايىتى جوڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلگەندە ئۇلار، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ

كەلمەكچى بولغان بولسمۇ مەنچىڭ ھاكمىيتىنىڭ ئۈچ ئىلىشىدىن قورقۇپ، كۆچۈپ كىلىشكە پېتىنالمىغانىدى.

سەككىز يۇرت خەلقى كۆچۈپ كېتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جەبرى ـ جاپالار بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆي ـ ماكانلىرى، ئۆستەڭلىرى، تېرىلغۇ يەرلىرى تاشلىنىپ تېرىقسىز قالغان.

مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ يەرلەرنىڭ تېرىقسىز قېلىشى بىلەن، بۇرۇندىن ئىلىنىۋاتقان ئالۋاڭ ـ ياساقتىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايدۇ ـ دە، ئالۋاڭ ـ ياساقنا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرلەرنى سەككىز سۇمۇلدىكى شۋەرلەرنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بەرگەن (ئەسلىدە قاراسۇ بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، 1882 ـ يىلىغا كەلگەندە چاپچال ئۆستىڭى چېپىلىپ، شۇ ئۆستەڭ سۈيىدە يەر تېرىپ كەلگەن شۋەلەرنىڭ ئەۋلادلىرى).

يەرلەرنى تەقسىم قىلىش مۇنداق بولغان:

خونخاي غولىنىڭ دولاتا، ئابدۇساتتار، سادىق ئۆستىڭىدە سۇغۇرىلىدىغان يەرلەرنى ـ تۇرگۇن سۇمۇل، ئۈچسۇمۇل، تۆرت سۇمۇلغا؛

غاپپار سالدات (سېتىۋالدى) ئۆستىڭى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان يەرلەرنى بەشسۇمۇل ، ئالتە سۇمۇلغا، كىچىكبۇغرا ئۆستىڭىنى يەتتە سۇمۇلغا؛

چوڭبۇغرا سۈيىدە سۇغۇرۇلىدىغان يەرلەرغا سەككىز سۇمۇلغا، خۇيزۇن سۇمۇلغا تەقسىم قىلىدۇ.

كېيىنچە رۇس يېرگە كۆنەلمەي قايتىپ كەلگەن يەرلىك تارانچىلار ئانا يۇرتلىرىغا ماكانلىشش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ يەر تېرىش، سۇدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن پومىشچىكلارغا يالىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغانىدى.

1935 ـ 1936 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ دۇبىنى شىڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سەياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا دېھقانلار «يەر سۈيىمىزنى ئۆزىمىزگە

كىتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولۇپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يەرلىك فېئوداللارنىڭ سۆزى ئۈستۈن كېلىپ، دېھقانلارنىڭ تەلىپى ئىشقا ئاشمىغانىدى.

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن بىر قىسىم خونخايلىقلار خونخاي مازىرىغا، بىر قىسىملار قەدىمكى خونخاي مەھەللىسى، دولاتا مەھەللىلىرىگە كۆچۈپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىنا قىلغان ئۆستەڭ ۋە مۇنبەت يەرلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بولمىغاچقا شۇ يەرلەردىن يەر ئىجارە ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

شۇ يىلى دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن سەككىز يۈرت خەلقىنىڭ ئەرزىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە كېچىكتۈرمەي يوللىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەرزنامىگە سېلىپ بەرگەن «شۇ خەلقنىڭ مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلسا بولىدۇ» دېگەن تەستىقى بويىچە دادام (بۇ دادامنىڭ سۇمۇل ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ئىدى) شۇ خەلقنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مۆتىۋەرلىرىدىن: چۈلەن، گاۋال، شۇشەن، ئەرشەن، چاڭ باجچى (چاڭ جىڭشەن)، رۇن چۈئەن، ساۋال قاتارلىق 20 دەك كىشىنى ئۈچسۇمۇلغا يىغىپ (ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەينى چاغدا ئۈچسۇمۇلدا ئىدى) سەككىز يۈرت خەلقىنىڭ 1881 ـ 1883 ـ يىللاردىكى كۆچ ـ كۆچتىن كېيىن يەر، سۇ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بولماسلىقىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەپسىلىي سۆزلەپ، كۆچ ـ كۆچتە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرلەرنىڭ تىرىقسىز قېلىپ، ئالۋاڭ ـ ياساقتىن قۇرۇق قالماسلىقى ئۈچۈن شۇ خەلقنىڭ تېرىپ سېلىق تاپشۇرۇشى ئۈچۈن ۋاقىتلىق تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكىدەك پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ شۇ خەلقنىڭ بۇ ۋەكىللىرىنىڭ پىكرى بويىچە بۇ تارىخىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەستىقلىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندە: «سىزلەر بىلەن بىز يېقىن تونۇشقان كىشىلەر ئەمەسمىز. تارىختىن بېرى چاپچالنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، نېنىنى تەڭ يەپ كېلىۋاتىمىز. بۈگۈن مەن

سۇمۇل ساقچىخانىغا باشلىق، ئابۇزەر خەلپەم بولسا ناھىيەگە ھاكىم بولۇپ چىقتى. بۇندىن كېيىن ھەر قايىسىڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلارمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىڭلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى لايىق تاپتۇق» دەيدۇ. شۇ خەلقىنىڭ ۋەكىلى رۇن چۈئەن: «موللا ئاكابۇ كىچىك ئىش ئېكەنغۇ، مەن چوڭ ئىشمىكىن دەپتىمەن. تارىختا ئۇيغۇرلار سەرسان بولۇپ يەرلەر تېرىقسىز قېلىپ، دەن (ئاشلىق بېجى) تۆلەنمىگەچكە مەنچىڭ بىزنىڭ ۋاقتىلىق تېرىپ دەن تۆلىشىمىزنى بەلگىلىگەنلىگى ئېنىق ئىشقۇ، بۇنى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك» دېگەن. باشقا مۆتىۋەرلەرمۇ بىردەك ھەل قىلىشقا قوشۇلۇپ، كىچىكبۇغرا، غاپپار ئۆستىڭى (دۆڭ مەھەللە تەۋەسىگە) 49 كىشىلىك يەر، دولاتا، خونخاي مەھەللىسىگە 19 كىشىلىك يەر، چوڭبۇغرا، تېۋىلغا مەھەللىسىگە 14 كىشىلىك يەر، جەمئىي 92 كىشىلىك يەر بېرىش توختام قىلىنىپ بۇ يەرلەر تاغ باغرىدىكى يۇرتلارغا تەقسىم قىلىنىپ بېرىلگەنىدى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم دەپ قارايمىزكى: ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ يەرلەردە تېرىلىدىغان يەر ئۆلچەم قىلىنماستىن، سۇيى ئاساس قىلىنىدۇ. جاغىستايدا بىر كىشىلىك سۇ 60 مو يەر ھېسابلانسا، بۇ سەككىز يۇرتتا بىر كىشىلىك سۇ 40 مو يەر ھېسابلىنىپ، بۇنىڭغا بەش يىرىم پۇت يەنى 88 كىللوگرام دەن تۆلەش بېكىتىلگەن. 1945 ـ يىلى يەرلەرنى تەقسىم قىلىش تېرىلغۇ ۋاقتىغا ئۈلگۈرمىگەنلىگى ئۈچۈن، ئۇيغۇر دېھقانلار 1946 ـ يىلى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان يەرلەرنى تېرىپ يەر ۋە سۇ ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولغان.

1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ھەر قايىسى يۇرت يۇز بېشىلىرىنىڭ يەر بۆلۈشتە بىر قىسىم يۇرت چوڭلىرى، بايلارغا نۇرغۇن يەر بېرىپ، ئۇلار ئۆزلىرى تېرىماي ئىجارىگە بەرگەنلىگىدەك ئەھۋاللارنى ئۇقىدۇ. مەسىلەن: ئابۇزەر خەلپەمگە ئۈچ كىشىلىك، جاغىستايدىكى ئىلياس بايغا ئۈچ كىشىلىك، دادام ئىنىمجان باھاۋۇدۇنغا ئىككى كىشىلىك يەر بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن دادام ئۆزى بىۋاستە دۆڭ مەھەللەگە چىقىپ، دۆڭ مەھەللىدىكى خەلق سۆزىنى سۆزلىگۈچى مەخپىر دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە تۆرت يۇرتنىڭ چوڭلىرىنى، يۇز بېشىلارنى يىغىپ «بۇ يەرلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئەمىنجان، ئابۇزەر، ئىلياسبايلارغا بەرگەن ئەمەس، ئەسىرلەر بويى، سۇغا تەشنا بولغان خەلققە بەرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق كىشى بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىر كىشى بىر كىشىلىك سۇ ئىچىدۇ، بۇ يەرگە كەلگەن يەر تېرىغۇچى يەر سېتىۋالمايدۇ، كۆچۈپ كەتكۈچى يەر ساتمايدۇ، كىم تېرىسا شۇ دەن تۆلەيدۇ» دەپ پىكىر قىلىش بىلەن يەرلەرنىڭ تېرىغۇچىلارنىڭ قولىدا بولۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، غاپپار يېرىنى 280 تۈتۈن تېرىيدىغان، دەننى 49 كىشىلىك سۇغا تۆلەيدىغانغا كېلىشىپ يەرلەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلدۇرغان، نەتىجىدە كۆپ يەر ئېگىلەپ ئىجارىگە بەرگۈچىلەرمۇ يەر ئالمىغانىدى. دېمەك، دادام ئەمىنجان باھاۋۇدۇن خەلقپەرۋەر كىشى بولۇپ ھەر قانداق بىر ئىشتا خەلقنىڭ غېمىنى يەيتتى. ھەمىشە خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقاتتى.

دادام ئەمىنجان باھاۋۇدۇن ئۆز ھاياتىدا خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئىلى مائارىپىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى تارىخ تەتقىقاتى ئىشلىرىغىمۇ بېغىشلاپ، يۇرتىمىز تارىخى ۋە باشقا تارىخىي تېمىلار ئۈستىدە تىنىماي ئىزدەندى. ئىلى يېزىلىرىدىن ، يەتتىسۇ ئۇيغۇر يۇرتلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى كېزىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ چىققان ۋە ساقلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە «ئىلى تارىخى» ، «مۇختەرەمە تارىخى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى ۋە سۇلتانلىرى تارىخى»، «مۇسۇلمان ئۆلىمالار تارىخى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى توپلىمى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسىرى «ئىلى تارىخى» نى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئارمان قىلغانىدى. ئەپسۇس، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بۇ ئارمىنىغا يەتكۈزمىدى. ئۇ 1948 ـ يىلى 23 ـ مارتتا، 51 يېشىدا بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى.

مەرھۇم دادام ئۆز قولى بىلەن يازغان «ئىلى تارىخى» نى ۋاپاتى ئالدىدا ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىنغا بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. ئاكام «ئىلى تارىخى»نى ئەخمەتجان قاسىمغا تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان خېتىدە: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندىم جانابلىرىغا ھۆرمەت بىلەن بۇ ئىلتىماسنى يېزىشىمدىكى مەقسەت، بۇ ئەسەر «ئىلى تارىخى» ئاتىمىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئوغلى تەرىپىدىن **1948**-يىلى **28**-يانۋاردا يېزىلىپ پۈتكەنىدى. ئاتام ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ماڭا كۆچۈرۈپ، رەتلەپ چىقىشنى تاپشۇرغانىدى مەن كۆچۈرۈش ھازىرلىغىدا تۇرغان ۋاقتىمدا ئاتام رەھمەتلىكنىڭ ئاغرىغى خاس كېلىپ، دۇنيادىن كۆز يۇمدى. لېكىن ئاتام ئۆلەر ئالدىدا:

- مەن بۇ تارىخنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم، بۇ كىتابنى رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن تەقدىم قىلماقچى ئىدىم، ئۇ كىشى سەرپ قىلغان 22 يىللىق ئۆمۈرىمنى زايا قىلماس دەپ ئىشىنەتتىم، ئەلۋەتتە، بىراق مەن بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. ئەندى مېنىڭ ئورنۇمدا سەن تەقدىم قىلارسەن...! دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. نېمە دەيسىز، ئاتام ئۆلدى، قارىلىق بولدۇق، ھازىلىق بولدۇق. ئاخىرى شائىر موللا بىلالنىڭ «بىر ماتەم بولدى تېخى بىر تەرەپ» دەپ ئېيتقىنىدەك ھازىمىز-قارىمىز بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ، رەتلەپ، **1949**-يىلى **1**-يانۋارغا ئۈلگۈرتتۇم. موشۇ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كىتابنى ۋەسىيەت بويىچە سىز رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىگە تەقدىم قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئەلۋەتتە، جانابلىرىنىڭ بۇ كىتابنى ئاتام، مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالغاندەك قوبۇل قىلىشلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

ئېھتىرام بىلەن ۋەسىيەت بويىچە تەقدىم قىلغۇچى:

**ئابدۇرېشىت ئىمىن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«1949 ـ يىلى، 1 ـ يانۋار» دەپ يازىدۇ.
بۇ ئەسەرنىڭ ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا شۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت گېزىتلىرىدە مۇنداق خەۋەر قىلىنىدۇ:

ـ خونخاي مازارلىق مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ۋاپاتى ئالدىدا ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن توپلاپ يازغان «ئىلى تارىخى» دېگەن توپلىمىنى رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جاناپلىرىغا سۇنۇپ بېرىشنى ئوغلى ئابدۇرېشىتقا ۋەسىيەت قىلغانىكەن. مەخسۇس مۇخبىرىمىزنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەزىمەت ئابدۇرېشىت ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۇ تارىخىي توپلامنى بۇ يىل يانۋاردا قەدىردان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندىگە سۇندى. قەدىردان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندى سۇنۇلغان بۇ تارىخىي توپلامنى خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇۋېلىپ، مەرھۇمنىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئوقتۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى.

بۇ تارىخىي توپلامدا: «ئىلى چاغاتاي دەۋرى»، «ئىلى جۇڭغار خانلىقى دەۋرى»، «ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرى»، «ئىلى ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈرۈلۈشى» ۋە «ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى» قاتارلىقلار ھەققىدە كەڭ مەلۇماتلار بار ئىكەن.

(«ئالغا گېزىتى» 1949 ـ يىلى خەۋەر بۆلۈم 17 ـ يانۋار سانى)

مەرھۇم ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىننىڭ خاتىرىسىدە: «ئىلى تارىخى» ئاقفا كۆچۈرۈلۈپ، نەشرگە تەييارلانغاندا ئۈچ ۋىلايەت گېزىتخانىسىدىكى تەھرىرلەردىن ئەلقەم ئەختەم، ھاشىر ۋاھىت، مۇھەممەت زەيدى قاتارلىقلار كۆرۈپ چىققانلىقى، ئەسەرگە بەرگەن باھاسىدا «بۇ كىتاب ئىلى تارىخى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار تولۇق يېزىلغان ئەسەر بوپتۇ، كىتابنى نەشر قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، بىزگە ئاز ۋاقىت كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كىتابتا ھاكىمبەگ ۋە باشقا فېئوداللار سۆكۈنگەنلىكتىن ھاكىمىيەت

بېشىدىكىلەرگە جامائەتداش كىشىلەرگىمۇ ياقماسلىغى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت بىلەن شارائىت يار بەرگەندە باسايلى» دەپ يازغانلىقى مەلۇم. نەۋرە ئىنىم سېيىت ئۆمۇر (شىنجاڭ نىغىت تېخنىكومىدىن پېنسىيەگە چىققان، ھازىر مايتاغدا) نىڭ خاتىرىسىدىن: «مەرھۇم چوڭ دادىمىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ يەنە بىر قول يازما نۇسخىسىنى (كۆپەيتىلگەن) قولۇمغا چۈشۈرۈپ، 1957-يىلى 11-ئاينىڭ 30-كۈنى ئىنىم ئابدۇغەنى بىلەن بىرگە شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت باشقارمىسىدىكى يۈسۈپبەگ مۇخلىسوۋقا تاپشۇرۇپ بەرگەندە مەرھۇم ئاكىمىز ئابدۇرېشىت ئىمىنىنىڭ ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىسىنىمۇ بىللە تاپشۇرغان ئېدۇق» دەپ يازغانلىقىدىن ۋاقىپلاندۇق.

دادامنىڭ تارىخي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قول يازمىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مەرھۇم ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىن 1949-يىلى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى مەملىكەتلىك سەياسي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ كاتىپ ھەم تەرجىمانى سۈپىتىدە بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ۋەقەسىدە قازا بولدى. مەرھۇم ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىنىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دادامنىڭ قول يازمىلىرى ئىنىم ئەنۋەرگە قالغانىدىكەن. كېيىنچە سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ قول يازمىلارنى 1959-يىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى چاپچال ناھىيە ئىتتىپاق گوڭشېسىنىڭ شۇجىسى تىلەۋباينىڭ ئىنىم ئەنۋەرگە: «ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ تارىخ مەزمۇنىدىكى ئالتە پارچە قول يازما ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، چاپچال ناھىيەلىك سەياسي كېڭەشكە ئەۋەتىپ بەردىم، ھۆججەت يازغۇچى تىلەۋباي» دەپ ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇق. بىز بۇ مىراسلارنى كۆپ ئىزلىگەن بولساقمۇ سەياسي كېڭەش ئارخىپخانىسىدىن ئاللىبۇرۇن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

www.uyghurkitap.com

دادامنىڭ خەلق ئارىسىدىن توپلىغان ماقالە ـ تەمسىللىرىگە كەلسەك بىر قىسمى ئۈچ ۋىلايەت «ئىنتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 1949 ـ يىللىق ئۈچىنچى سانىدا زۇنۇن قادىرى، نۇرمەھەممەت بوساقوۋپلارنىڭ توپلىغان ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەن بىرگە بېسىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 10، 11، 12 ـ سانلىرى ۋە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق 1، 2 ـ سانلىرىدا دادام توپلىغان ماقال ـ تەمسىللىرىنى جەمئىي 313 پارچىسى يورۇققا چىققان ئىدى. مەزكۇر ژۇرنالغا كىرىش سۆزى ئورنىدا: «مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى 1920 ـ يىللىرىدىن 1926 ـ يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر بىر يېزا قىشلاقلىرىدىكى خەلق ئاغزىدىن بىرمۇ ـ بىر ئاڭلاپ توپلىغانىدى. چۈنكى ئۇ، كىشىلەرنىڭ سۆزىگە چوڭقۇر مەزمۇن يېغىشلايدىغان ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلەتتى ۋە ئۇنى سۆيەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلىغان ۋە ساقلاپ كەلگەنىدى. ئىمىنجان ئاكا 3000 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئېگە بولالمىدى»، دېگەنلەر يېزىلغانىدى. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان 313 پارچە ماقالە ـ تەمسىلدىن قالغانلىرىنى يۇسۇپ ئىلياس («ئېغىر تىنىقلار» رومانىنىڭ ئاپتورى) نىڭ قولىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ يۇرەتتۇق. يۇسۇپ ئىلياس ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن ئىنىم ئەنۋەر ئۇنىڭ ئالمۇتىدىكى تۇرالغۇسىغا ئىزدەپ بېرىپ، دېرىگىنى قىلغاندا ئۇ كىشى قولىغا دەرھال قەلەم ئېلىپ، ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم يازغۇچىغا خەت يېزىپ، ئۇ ئۆزىدىن 50 ـ يىللاردا ئېلىپ قالغان دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى توپلىمىنىڭ قول يازمىسىنى بىزگە تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى بىز ئىزدەپ بارساق: «بۇ ئىشقا تولىمۇ ئۆزۈن بولۇپ كەتتى، قەيەردە

قويغانلىغىمنى بىلمەيمەن»، دېگەندەك باھانە سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بىزگە بەرمەي قويدى.

1984-يىلى دادام يازغان «ئىلى تارىخى» نىڭ مەرھۇم تارىخ تەتقىقاتچىسى، يازغۇچى تىيىپجان ھادىنىڭ قولىدا بىر نۇسخا بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆيىگە باردىم ۋە قول يازما نۇسخىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە نائىل بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشاللاندىم. ئۇ ماڭا بۇ نۇسخىنى ئاۋتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئەسلى نۇسخىدىن تەتقىقاتتا پايدىلىنىش، ساقلاش ئۇچۇن كۆچۈرۈپ ئەكەلگەنلىكىنى، ئارىيەتكە بېرەلمەيدىغانلىقىنى، شۇ يەردىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ كېلىشىم لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلدى. مەن شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۈرۈمچىگە باردىم. ماھىنۇر قاسىمنىڭ ئاكىسى رۇستەم ئاكا مېنى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇقېيۇم غوجا (مەرھۇم زىكرى ئەلبەتتەنىڭ كۈيئوغلى) بىلەن كۆرۈشتۈردى. بىز بۇ ئەسەرنى نۇر بىلەن بىر نۇسقا كۆپەيتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولدۇق. مەن شۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىمنى تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. بۇ كۆپەيتىلگەن نۇسخىنى ئېلىپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى ھېمىت رېھىمنىڭ ئۆيىگە بارسام شائىر ئەلقەم ئەختەم بار ئېكەن. ئۇ ئەسەرنى قولغا ئېلىپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

- بۇ دەل دادىڭىزنىڭ قول يازمىسى ئېكەن. مەن يېقىندا بۇرادىرىم يۇسۇپ نەزەرنى يوقلاپ غۇلجىغا بارغاندىم. ئۇ جىگەر راكىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، ساناقلىقلا كۈنلىرى قاپتىكەن. ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر ھەپتە بىرگە بولدۇم. مەن ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن ئەينى يىللاردا ئاكىڭىز ئابدۇرېشىت ئىمىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «ئىلى تارىخى»نىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىنى كۆردۈم. سۈرۈشتۈرسەم، بۇ نۇسخىنى 1965-يىلى 12-ئاينىڭ 28-كۈنى شېرىپ يۇنۇس دېگەن كىشى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئەسلى نۇسخىدىن كۆچۈرگەنىكەن. 1982-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى غۇلجىدا

سىرىپ يۇنۇستىن بۇرادىرىم يۇسۇپ نەزەر مەن كۆرگەن نۇسخىنى كۆچۈرىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن 1983ـ يىلى يۇسۇپ نەزەردىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ ئالدىم. سىز قايتىپ بېرىپ، مەرھۇمنىڭ ئايالى گۈلبان ھەدەمدىن كۆچۈرۈۋېلىڭ، ـ دېدى. يەنە بىر گەپ دېدى ـ ئۇ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـ يېقىندا، شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ سوۋېتتىكى سىڭلىسىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. خەتنىڭ ئىچىگە 1945ـ يىلى ئاقسۇدىن ل. مۇتەللىپ سىڭلىسىغا ئەۋەتكەن خەت سېلىنغانكەن، مەن بۇ خەتنى ل. مۇتەللىپكە بولغان چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن تالاي قېتىملاپ ئوقۇپ چىقتىم، خەت ھەتتە ياد بولۇپ كەتتى. خەتتە: «سىڭلىم، سىز بارلىق يازغۇچى بورادەرلەرگە سالام ئېيتىڭ، مېنىڭ بۇ خېتىم سىلەرگە يوللىغان ئاخىرقى خېتىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن سىلەرگە بىر كىشىنى تونۇشتۇراي، ئۇ بولسىمۇ تارىخچى خونخاي مازارلىق ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئاكا بولىدۇ. ئۇ كىشى بىلەن بىر نۆۋەت سۆھبەتلىشىپ قالدىم. قايتا كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم، يازغۇچى بورادەرلەر ئۇ كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرسۇن!» دەپ يېزىلىپتۇ. ئەلبەتتە، ئىمىنجان ئاكىنىڭ تارىخقا مۇكەممەل بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇ تىلغىمۇ باي ئىدى. ئۇ 51 ياشلىق ھاياتىدا بىر نەچچە مىللەتنىڭ تىل يېزىقىنى بىلەتتى. شۇڭا شائىر ل. مۇتەللىپمۇ ئۇ كىشىنىڭ بىلىمىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلۈگىنى سەزگەنىكەن. ئەگەر ئۇ كىشى موشۇ كۈنلەرگىچە ياشىغان بولسا يەنە قانداق ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقار بولغىيدى ـ دېدى.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ مەن ش ئۇ ئا ر مۇزېيخانىسىدىن كۆپەيتىپ ئەكەلگەن قول يازما نۇسخىسى جەمئىي 92 بەت بولۇپ، كونىچە ئىملادا يېزىلغانىكەن. ئوقۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن ھازىرقى ئىملادا ئىش قەغەزگە كۆچۈرۈپ چىقسام 271 بەت بولدى. ئەسەردە مۇئەللىپ ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئىنتايىن مول، يېزىش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، پاكىتلىرى ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق بولۇپ، ئىلى تارىخى ئۈستىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ

تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش زۆرۈرىيىتىدىن ئەسەرنى چوڭ ـ كىچىك 45 ماۋزۇغا بۆلۈپ يازغان بولۇپ، بولار:

1.سۆز بېشى 2.ئىلى ئۆلكىسى 3. چاغاتاي دەۋرى ۋە هۆكۈمدارلىق قىلغانلار 4. ئىلىدا جوڭغار خانلىغى دەۋرى 5. ئىلىدا مانجۇرر تائىپىلىرى ۋە ئۇيغۇرلار 6. چېگرا تاشلىرى ۋە قورۇللار 7. قوشاقلار 8. ۋاڭ خولۇ ھەققىدە 9. ئۆستەڭلەر ھەققىدە 10. مىس كانى ھەققىدە 11. سېپىللار ھەققىدە 12. ئىچكى جوڭگو نېمە هالدا، ئىلىغا ھەيرمت قىلدىمۇ؟ 13. ئىلى ۋىلايەت هاكىملىرى 14. توڭگان ئىنقىبالى 15. ئۇيغۇرلار ئىنقىلاب ئالدىدا 16. ئۇيغۇر ـ توڭگانلار ئىنقىبالى ۋە ئىلى سۇلتانلىغى 17. غۇلجا سۇلتانلىغىنىڭ تەشكىل قىلىنىش 18. ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ قەتلى بولۇشى 19. باياندايىنىڭ پەتھ قىلىنىشى 20. پوچى ماخمۇت قېرى غۇلجىنىڭ كېلىشى. 21. سۇلتان مەزەمخاننىڭ ئۆلتۈرۈلىشى. 22. قېرى غۇلجىنىڭ سۇلتانلىغى. 23. پوچى مەھمۇت قېرى خوجىنىڭ قەتلى بولۇشى 24. موللا شاۋكەت ئاخۇنۇمنىڭ سۇلتانلىغى 25. ئاداققى قورغان كۈرەنىڭ ئېلىنغانلىغى 26. موللا شەۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىقتىن چەتلەشتۈرۈلىشى 27. ئەلا پالۋاننىڭ سۇلتان بولغانلىغى 28. ئۇيغۇر بىلەن تۇڭگانلار چاتىغى 29. سۇلتان ئوبۇلئەلاخان دەۋرىدە بولغان ۋەقەلەر 30. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ رۇسلار قولىدا قېلىشى 31. ئۇيغۇرلا تۇڭگانلارنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى 32. ئۇيغۇرلارنىڭ بەرگەن ئىلتىماسى 33. توڭگانلانىڭ بەرگەن ئىلتىماسى 34. توڭگارلارنىڭ كۆچۈشى 35. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى 36. ئۇيغۇر ۋە تۇڭگارلارنىڭ ئۆسەك بويىغا بېرىشى 37. كۆچمەنلەرگە بەرگەن ياردەم 38. ئۇيغۇرلارنىڭ چېلەككە كۆچۈشى 39. ئۇيغۇر بىلەن تۇڭگانلارنى ئىدارە قىلىش 40. قارا سۇ بولۇسىغا كۆچۈش 41. سېپىللار سوقۇپ، مەهەللە سېلىش 42. يەرلەرنىڭ هېسابى، خەلقنىڭ بۆلۈنۈشى 43. كەتمەن بولۇسى ھەققىدە 44. قەشقەر تۇڭگانلىرى 45. ئىلىدىن كۆچمەي قالغانلار ھەققىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەن غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن مەرھۇم شائىرىمىز ئەلقەم ئەختەمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە نەزەر ئاكىنىڭ ئائىلىسى گۇلباندەمنى ئىزلەپ تاپتىم. ئەسەرنىڭ كېيىن تېپىلغان كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى ئون كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئارىيەتكە ئېلىپ 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كۆچۈرۈپ چىقتىم، بۇ ئەسەر خاتىرە دەپتەرگە 133 بەت قىلىپ كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، مەن ئۇنى ئادەتتىكى ئىش قەغىزىگە كۆچۈرسەم 86 بەت چىقتى. خاتىرىنىڭ بېشىغا «ئىلى ۋىلايىتى تارىخى»، «1956 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈرۈمچى مۇزېيخانىسىدىن كۆچۈرگۈچى شېرىپ يۇنۇس» دەپ، ئاخىرقى بېتىگە بولسا «1982 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە كۆچۈرگۈچى: يۇسۇپ نەزەر دەپ يېزىلغانىكەن». مەن ئۇنى دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ قول يازما نۇسخىسىنىڭ قىسقارتىلىپ كۆچۈرۈلگەن ۋارىئانتى بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىن ئەينە چاغدا ئەخمەتجان قاسىمىگە تەقدىم قىلغان قول يازما نۇسخا (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) جەمئىي 45 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بولسا، بۇ نۇسخى 31 چوڭ ـ كىچىك ماۋزۇدىن تەركىب تاپقانىكەن. تۆۋەندە مەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم تېپىلغان نۇسخىدىكى ماۋزۇلارنى بىرىنچى قېتىمدىكىسى بىلەن بىرمۇ ـ بىر سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى ئۈچۈن ئەينەن كۆچۈرۈپ بەردىم.

1.سۆز بېشى 2. ئىلى ئۆلكىسى 3. چاغاتاي دەۋرى 4. ئىلىدا جۇڭغارلار دۆلىتىنىڭ تەشكىللىنىشى 5. ئىلىدا مانجۇرلار ھەم تارانچىلار 6. ۋاڭ خولۇ ھەققىدە 7. ئۆستەڭلەر ھەققىدە 8. ئالۋاڭلار ھەققىدە 9. مىس كانلار ھەققىدە 10. سىپىللار ھەققىدە 11. ئىچكى تۇڭگان ئىنقىلابى 12. ئۇيغۇر، تۇڭگانلار ئىنقىلابى 13. غۇلجا سۇلتانلىقى 14. ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ قەتىل بولۇشى 15. باياندايىنىڭ پەتھ قىلىنىشى 16. قىرى خوجىنىڭ كېلىشى 17. قازى كالان، نەسرىدىن ئاخۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى 18. مەزەمخاننىڭ سۇلتانلىقى 19. قىرى خوجىنىڭ سۇلتانلىقى 20. قىرى خوجىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى 21. موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىقى 22. ئاداقچى قۇرغان كورەنىڭ ئېلىنىشى. 23. موللاشاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىقتىن چەتلەشتۈرۈلىشى 24. ئۇيغۇر بىلەن

توْڭگانلار چاتىغى 25. ئەلا پالۋاننىڭ سۇلتانلىغى 26. توْڭگانلار ئىسيانى 27. ئۇيغۇرلار بىلەن رۇسلارنىڭ سوْقۇشىشى 28. ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسلارنىڭ قولىدا قېلىشى 29. ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى 30. ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلار 31. يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى.

مەن 1995-يىلى غۇلجا شەھەرلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى، يازغۇچى، تەرجىمان ئىسهاق باستىدىن دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى» ئەسىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقانلىغىنى دەلىللەيدىغان مۇندەرىجىنى كۆرگەنىدىم. (بۇ مۇندەرىجە ھېلىھەم ئىسهاق باستىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. مۇھەررىردىن) 2000-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى مەن ئۇرۇمچىدە شېرىپ خۇشتار ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، دادامنىڭ كىتابىنىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ئۇ ماڭا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمقى ئەسەرلەر تەنقىقت ئورنىدىكى مۇھەممەتجاننى ئىزلەپ، شۇ ئارقىلىق سۇرۇشتە قىلىشنى تاپىلىدى. مەن مۇھەممەتجاندىن ئەھۋال ئۇقۇشقاندا، ئۇ ماڭا: «بىز 1991-يىلى 10-ئايدا غۇلجىدىن بىر قىسىم تارىخى ماتېرىياللارنى ئەكەلگەنىدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە دادىڭىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەينى ۋاقتتا ئەخمەتجان قاسىمى ۋە سەيپىدىن ئەزىزىلەرنىڭ بېسىش تەستىقى سېلىنغان «ئىلى تارىخى» ئەسىرىنىڭ قول يازمىسىمۇ بار ئېكەن. بۇ ئەسەر شۇ پېتى ساقلىنىۋاتىدۇ. رەتلەپ تىزىمغا ئالغاندىن كېيىن سىزگە كۆرستەيلى» - دېدى.

مەن 2001-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى يازغۇچى تۇرسۇن ياسىن («سادىر پالۋان» رومانىنىڭ ئاۋتورى) بىلەن سۆھبەتلەشكەنگە قەدەر دادامنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ پەقەت قول يازما نۇسخىسلا بار دەپ كەلگەن ئېكەنمەن. تۇرسۇن ياسىن: «مەندە دادىڭىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەخمەتجان قاسىمى تەستىق سالغاندىن كېيىن ئۇچ ۋىلايەت مەتبەسىدە بېسىلغان «ئىلى تارىخى» ئەسىرى بار، مەن ئۇنى شەخسى ئارخىپىمدا ساقلاۋاتىمەن. ماتېرىيال

ئارخىپلىرىمنى رەتلىگەندە بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىڭ، بىراق سىزگە ئەسلى نۇسخىنى بېرىۋېتەلمەيمەن» دېدى.

مەرھۇم دادامنىڭ «ئىلى تارىخى» ئەسىرىنى ئىزدەش جەريانىدىكى ئۇزاق يىللىق تىرىشچانلىقلىرىم ئىشىنىمەنكى بىكارغا كەتمىدى. ئەسەرنىڭ تارىخنى قەدىرلەيدىغان خالىس نىيەت كىشىلىرىمىز قولىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرلۇك يازما ۋە باسما نۇسخىلىرى پات يېقىندا يورۇققا چىقىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، مەرھۇم دادامنىڭ روھىنى خۇش قىلغۇسى...!

**ئابدۇشۇكۇر ئىمىن،**

**(«ئىلى تارىخ ماتېرىئاللىرى»،**

**2002-يىلى نويابىر، غۇلجا، 1- 42 بەتلەر)**

# مۇندەرىجە

بوۋام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن توغرىسىدا........................3
سۆز بېشى........................................8
تارىخىمىز ھەققىدە ئۇمۇمىي بايان........................10
چىڭگىزخاننىڭ بېسىپ كىرىشى........................11
ئىلىدا تۇغلۇق تۆمۈر خان دەۋرى........................13
ئىلىدا جۇڭغار خانلىغى دەۋرى........................15
ئىلىدا مانجۇر تائىپىلىرى ۋە ئۇيغۇرلار........................21
قوشاقلار........................................29
خىتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالى........................33
ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىرى........................38
تۇڭگان ئىنقىلابى........................................38
ئۇيغۇرلار ئىنقىلاب ئالدىدا........................39
ئۇيغۇر- تۇڭگان ئىنقىلابى ۋە ئىلى سۇلتانلىغى........................43
ئىلى سۇلتانلىغىنىڭ تەشكىللىنىشى........................48
ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى........................54
باياندايىنىڭ ئېلىنىشى........................56
پوچى ماخمۇد قېرى غوجىنىڭ كېلىشى........................58
مەزەمخان سۇلتانىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى........................61
قېرى غوجىنىڭ سۇلتانلىغى........................62
ئۇيغۇرلارنىڭ قېرى غوجىنى ئۆلتۈرۈشى........................64
موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىغى........................64
ئاداققى قۇرغان كۇرەنىڭ ئېلىنىشى........................67
موللاشاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىقتىن چەتلەشتۈرۈلىشى........................70
ئەلى پالۋاننىڭ سۇلتان بولۇشى........................72
ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرسىدىكى چاتاق........................74
سۇلتان ئەلاخان دەۋرىدە بولغان ۋەقەلەر........................79

www.uyghurkitap.com

ئىلى ئۇيغۇرلىرى رۇسلارنىڭ قولىدا.......................83
ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچىشى...............85
تۇڭگانلارنىڭ كۆچۈشى..............................88
ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى..............................91
ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ ئۇسەك ۋە قورغاسقا كۆچۈشى...........92
بېرىلگەن ياردەملەر....................................93
ئۇيغۇرلارنىڭ چېلەككە كۆچۈشى.........................95
كۆچمەنلەرنىڭ قاراسۇ بولىسىغا كۆچۈشى....................96
ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنى ئىدارە قىلىش.........................99
يەر ھېسابى ۋە ئېلىق - سېلىقلار.........................101
قاراسۇ بولۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار.......................101
1882- يىلى ئالمۇتا ئۇيېزدىغا تېرىلگەن ئاشلىق..............101
ئۇيغۇر، تۇڭگانلارغا سېلىنغان سېلىق.........................102
ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلار..................................103
دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ شانلىق ھاياتى ۋە
ئىزدىنىشلىرى.......................................105

## ئىمىنجان باھاۋۇدۇن

# ئىلى تارىخى


رەسسام: سابىتجان باباجان

كوررېكتور: مەھەممەتجان ياسىن

كومپيۇتېرغا ئالغان: مەدىنە سوفىيېۋا،
نەرگىزە ئىسمائىلوۋا،
سەنەبەر زۇنىيېۋا

دىزاينېر: سەبىنە ئىسرائىلوۋا،
مەدىنە مۇللاخۇنوۋا

**فورماتى: 84×60. 1/16. ھەجمى: 18 ب. ت.**
**تىراژى: 200**

«ئايات» باسمىخانىسىدا بېسىلدى ، بىشكەك شەھىرى،
تەشكەنت كوچىسى، 60